قۇربان ۋەلى

# بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

قۇربان ۋەلى

# بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

FROM THE LIBRARY OF
GULAMETTIN PAHTA

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1986 ـ يىل، ئۈرۈمچى

# بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787مم، 32 كەسلەم.
1986 - يىل 6 - ئاي

# مۇندەرىجە


ئاپتوردىن ........................................ 1

تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى V ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى ........................................ 3

IX ئەسىردىكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى... 10

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى پال چوكىسى ...... 17

«تىيانشان» دېگەن نام ھەققىدە .............. 26

كىروران ئۇيغۇرلىرى ........................ 33

«شى ۋاڭمۇ» رىۋايىتى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە ...... 37

«مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»نى تەتقىق قىلىشتا قىزىق قۇچىلارغا ........................................ 62

«مايتىرىسىمىت» ۋە توخرى تىلى .................. 67

ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ............ 75

مەھمۇت قەشقەرى مازىرى ........................ 91

شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىخىي يېزىقلار .............. 105

تارىختىكى «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» ...................... 151

قەدىمكى زاماندىن كەلگەن خەۋەر .................... 158

ئورۇمچىنىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە يېڭى ئىسپات... 178

فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارى-
خىغا دائىر بىر پارچە تۆبۆتچە ھۆججەت ........ 184
لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىي
يادىكارلىقلىرى ........................ 197
قەدىمكى قەشقەرنىڭ چېلىشىش ئويۇنى ........... 204
«ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تۆت خىل تەبىرى...... 210
شىنجاڭ تارىخىدىكى «ھونلار» غا دائىر خەنزۇچە
بايانلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى .............. 215
شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى ۋەسىقىلىرى
ھەققىدە .............................. 221
ئەجدىھاغا چوقۇنۇشنىڭ كىتاب مەنبەسى ......... 232
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل تارىخىغا دائىر ئارخېئولوگىيە
ماتېرىياللىرى ........................ 236
چېدىر شەكىللىك ئىمارەت ھەققىدە ............ 242

## ئاپتوردىن:

ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر تارىخى يېزىقلارنى چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇ يېزىقلاردا ئەجدادلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى (دوستلىرى ياكى رەقىبلىرى) يېزىپ قالدۇرغان مۇھىم بايانلار بار.

تارىخى يېزىقلار تېمىسى بويىچە مەن 1975 - يىلىدىن باشلاپ ئىزدەندىم، تەتقىقات مېۋىلىرىم 1980 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. ئەمدى شۇ ماقالىلەرنى توپلام قىلىپ نەشر قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ماقالىلەرنى قايتا قاراپ چىقىپ تۈزەتتىم، تولۇقلىدىم ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردۈم.

مەن تارىخى يېزىقلار تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش سەھنىسىدە ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن بەزى خاتا يەكۈنلەرنى رەت قىلدىم، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇر» دېگەن نام تارىخى كىتابلاردا پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ، شىنجاڭنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى جەر-

ياندا ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچى تۈۋرۈك مىللەتلەردىن بىرى، دەپ مۇلاھىزە قىلدىم.

بۇ توپلامنىڭ تەييارلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا بىلىم بەرگەن ۋە ئىلھام بەرگەن كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا بۇ توپلامدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار بۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانسا ياكى تولۇقلانسا، ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتىمەن.

1985 - يىل 12 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى V ئەسىر-
# دىكى ئۇيغۇر يېزىقى

1975 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە گورۇپپىسى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ كۆكشىيىسىدىكى قاراخوجا مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدا، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، قەدىمكى قەبرىلەردىن 40 نى قازغانىدى. ئۇ قەبرىلەردىن 500 دىن ئارتۇق مەدەنىي يادىكارلىق تېپىلدى. شۇ قېتىمقى قېزىش خاتىرىسىدە، بۇ مەدەنىي يادىكارلىق ئىچىدە 18 دانە كىچىك تارىشا بار، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە «代人» دېگەن خەنزۇچە خەت، تەتۈر تەرىپىگە بولسا «ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى» دا خەتلەر يېزىلغان، مەنىسى نامەلۇم، دېيىلگەن①.

مەن 1976 - يىل 1 - ئايدا، مۇزېيدىكى قەدىمكى يازما ماتېرىياللارنى رەتلىگەندە، بۇ كىچىك تارىشىلارنىمۇ كۆزدىن كەچۈردۈم، بۇ تارىشىلارنىڭ بىر تەرىپىدىكى «代人» دېگەن خەت قارا بوياقتا، يەنە بىر تەرىپىدىكى «ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى» دېيىلگەن خەتلەر قىزىل بوياقتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يەرنىڭ

تېگىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تارىشلاردىكى يېزىقلارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ئۆچۈپ كەتكەن، يەنە بەزى يېزىقلار بولسا كۆز بىلەن كۆرۈپ پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىلا ساقلىنىپ قاپتۇ.

مەن بۇ تارىشىدىكى «ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى» دېيىلگەن خەتلەرنىڭ سوغدى يېزىقى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئەتتىم. ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ يېزىقلارنىڭ تەتقىقات قىممىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم:



1 2 3 4 5

1 - فوتو سۈرەتتىكى خەنزۇچە خەت — «代人»، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «تايرېن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەنىسى «كېپىل» دېگەن بولىدۇ.

2 - فوتو سۈرەتتىكى سوغدىچە خەتلەر «كىشى» دەپ ئوقۇلىدۇ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز. مەنىسى «ئادەم»، «چاكار»، «خوتۇن» دېگەن بولىدۇ.

3 - فوتو سۈرەتتىكى سوغدىچە سۆزمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش، پەقەت تارىشىنىڭ يۈزى سىلىق بولمىغانلىقتىن، موي قەلەم تارىشا يۈزىدىكى ئۇششاق يېرىقلاردا راۋان يۈرۈشمەي خەتلەر چاپاق يېزىلىپ قالغان.

يۇقىرىدىكى ئىككى تارىشا «75TKM90»② نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان. بۇ تارىشىلار بىلەن بىللە چىققان «75TKM90:27» نومۇرلۇق خەنزۇچە خەت - چەكتە «يۇڭكاڭ (永康) نىڭ 17 - يىلى» دېگەن يىلنامە بار. بۇ مىلادى 480 - يىلغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ جۇرجانلار (柔然) خانى سۇراپۇرچىن (受罗部真) خانىنىڭ زامانىسىدا قوللىنىلغان يىلنامە ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر يىل كېيىنلا (مىلادى 481 - يىلى) ئېگىز هارۋىلىقلار (高车) دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى ئىدىقۇت خانلىقىنى باشقىدىن تىكلىگەن.

شۇ قەبرىدىن چىققان «75 TKM90:20» نومۇرلۇق خەنزۇچە خەت - چەكتە يەنە «乌胡慎…» دېگەن خەتلەر بار، بۇ «ئۇغۇز» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ خەنزۇچە سۆز بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى، بۇ خەت - چەكتە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «提勤» دېگەن خەتلەرمۇ

بار، بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە «تېكىن» (شاھزادە، خاقان ئەۋلادى) دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى.

4 ـ فوتو سۈرەتتىكى سوغدىچە خەتلەر «رېن» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ خەنزۇچە «人» (رېن) دېگەن خەتنىڭ سوغدىچە ھەرپلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى. بۇ تارىشنىڭ يۈزىمۇ سىلىق بولمىغاچقا، تارىشا يۈزىدە موي قەلەم راۋان يۈرۈشمەي خەتلەر چاپاق يېزىلىپ قالغان. ئىنچىكىلەپ قارىسا، ئۇنىڭ  دېگەن شەكىل ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

5 ـ فوتو سۈرەتتىكى سوغدىچە خەتلەر «تايرېن» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە «代人» دېگەن سۆزنىڭ سوغدىچە ھەرپلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى. بۇ تارىشىنىڭمۇ يۈزى سىلىق بولمىغاچقا خەتلەرچاپاق يېزىلىپ قالغان. ئىنچىكىلەپ قارىسا بۇ خەتلەرنىڭ  دېگەن شەكىل ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى تارىشا «75TKM91» نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان. بۇ تارىشىلار بىلەن بىللە چىققان «75TKM91:18» نومۇرلۇق خەنزۇچە خەت ـ چەكتە «شۈەنشى (玄始) نىڭ 11 ـ يىلى» دېگەن يىلنامە بار. بۇ شىمالىي لياڭ خاندانلىقىنىڭ خانى جۈرچى مۇمسىن خان (沮渠蒙逊 — ھونلارنىڭ ئەۋلادى) زامانىسىدا قوللىنىلغان يىلنامە بولۇپ، مىلادى 422 ـ يىلىغا توغرا

كېلىدۇ، ئەينى زاماندا قۇجۇ رايونى شىمالىي لياڭ خانلىقىغا تەۋە ئىدى.

يۇقىرىدىكى تارىشىدىكى يېزىلغان يېزىقلار بىزگە مىلادى 422 - يىللاردا خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ سوغدى ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىشقا باشلاپ، 480 - يىلغا كەلگەندە قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى يېزىش ئىشى باشلانغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. بۇ، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىكى — مىلادى 480 - يىلى تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئىگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتىلىدىغان بۆلىكى 100 مىڭ ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن قۇجۇنىڭ غەربىگە كېلىپ دۆلەت قۇرغان — دېگەن بايانلارنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلارنىڭ قۇجۇ ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، ئۇلاردا: «تەڭرى، دېگەن ئىلاھقا چوقۇنىدىغان ئادەت بار، بۇددىزم ئەقىدىلىرىگىمۇ ئىشىنىدۇ» دېيىلگەن. قەبرىلەرگە «كىشى» دېگەن تارىشىلارنى بىللە دەپنە قىلىش ئەينى زاماندىكى قۇجۇ رايونىدا مۇشۇنداق ئېتىقاد شارائىتىدا يولغا قويۇلغان بىرخىل ئۆرپ - ئادەت بولسا كېرەك.

شامان دىنىنىڭ تەپسىرلىرىدە، شامان دىندارلىرىنى — بۇ ئالەمدىكى ئادەملەرنى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئالەمدىكى ئىلاھلارغا ۋە ئۆز ئەجدادلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان كىشى، دەپ ھېسابلايدىغان كۆز قاراش بار.

يۇقىرىقىلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، «كىشى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ئادەم، چاكار، خوتۇن، دېگەن مەنىلىرىدىن باشقا يەنە

«بۇ ئالەمدىكى ئادەملەرنى ئۆلگەندىن كېيىن ئىلاھلارغا ۋە ئەجدادلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان كىشى» دېگەن مەنىسىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مىلادى V ئەسىردىكى «كىشى» خەتلىك تارىشىلارنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ، بىز مىلادى V ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىق ئىسلاھ قىلغان، دەپ يەكۈن چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز. قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ۋە ئېنىق يىلنامىسى بار بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ يەكۈننى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

جامائەتچىلىككە ئايانكى، بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئورقۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان مىلادى IX ئەسىرگە تەئەللۇق ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن «ئۇيغۇرلار مىلادى IX ئەسىردىن باشلاپ يېزىق قوللىنىشقا باشلىغان»، «ئۇلار مىلادى 840 - يىلى ئورقۇن ۋادىسىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ بۇ رايونغا بىللە ئېلىپ كەلگەن»، «ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى»، دېگەن كۆز قاراشلار شەكىللىنىپ قالغان، بۇ خىل خاتا كۆز قاراش ھەتتا «يىمىرىلمەس يەكۈن» بولۇۋېلىپ، تارىخ پەنلىرى ساھەسىدىن، دەرسلىك كىتاب ۋە لۇغەتلەردىن ئورۇن ئىگىلىگەن بولدى. يۇقىرىقى تارىشا پۈتۈكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى V ئەسىردە يېزىق ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا. مەن يۇقىرىقى «يە-

كۆن» سەھنىدىن ئاستىلا چۈشۈپ كەتسە بولارمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

1976 - يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① شۇ قېتىمقى قېزىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1978 - يىل 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.
② «90 TkM 75» دېگەن نومۇر - بەلگىلەر «1975 - يىلى تۇرپاننىڭ قاراخوجا مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىقتىن قېزىلغان 90 - نومۇرلۇق قەبرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاپتوردىن:

بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرى ئالدى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانىدا باشقا ماقالىگە قىستۇرۇپ ئېلان قىلىنغان، كېيىن 1981 - يىلى خەنزۇچە «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىدا قىسقارتىپ ئېلان قىلىندى. بۇ قېتىم بۇ توپلامغا تولۇق بېرىلدى.

# IX ئەسىردىكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى

1959 - يىلى 12 - ئايدا، گەنسۇ - شىنجاڭ تاشيولى كېڭەيتىپ ياسالغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدا تاشيول قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ قېزىش - تازىلاش ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا 2 - نومۇرلۇق ئۆزدىن قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەتنىڭ 11 پارچە كەمتۈك ۋارىقى تېپىلغان①. ھازىر بۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىق ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. نومۇرى «1326».

قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرىنىڭ بىرى تۆۋەندىكى فوتو سۈرەتتە كۆرسىتىلدى. بۇ ھەممە تەرتىپى كونىراپ - يىرتىلىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزدە قارا سىيا بىلەن پەي قەلەمدە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتلەر بار. ئۇنىڭ قۇر ئارىلىرىدا، يەنى 1 -، 2 -، 3 ،5 -، 6 -، 8 -، 10 - قۇرلاردا يەتتە خەنزۇچە سۆز (خەت ھېسابى بويىچە توققۇز خەت) بار. ھەربىر خەنزۇچە سۆز



بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئۆزئارا مەنىداش كېلىدۇ. ترانسكرىپسىيىسى تۆۋەندىكىچە:

(ترانسكرىپسىيىدە كەمتۈك خەتلەرنىڭ ئورنىغا × بەل-گىسى قويۇلدى. ئاپتور تەرىپىدىن سىنگارمونىزم قائىدىسى بو-يىچە تولۇقلاپ يېزىلغان ھەرپلەر ( ) نىڭ ئىچىگە ئېلىندى)

1 - قۇر فا (法) نام × × ×
2 - قۇر × × گېڭيۇ (有 更) تاقيې (ه)
مه (ه) مۇ بار
3 - قۇر فو (佛) قەددىمكى خەنزۇچە ئاھاڭى فوت
تە (ه) ڭرى
5 - قۇر جېيې × × (结) × × ×
6 - قۇر گاۋ (缟) بەگلەتتىمىش
8 - قۇر گۇڭ (供) تابىغ × × ×
10 - قۇر يىزەي (意在) كۆ × × ×

يۇقىرىدىكى يەتتە سۆزدىن باشقىلىرى بۇ سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق جۈملىمۇ ئەمەس; شۇڭا ترانسكرىپسىيە قىلىنمىدى.

(1) «فا» (1 - قۇردا)، خەنزۇچە بۇددىزىم ئاتالغۇسى، بۇ سۆز سانسكرىتچە «تىھارما» دېيىلىدۇ (مەنىسى ھەممىگە قادىر; ئادەتتە تولىراق قانۇن، ئەقىدە، دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ). ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇرچە سۆز «نام» بولسا سانسكرىتچە «نام» (سالام بېرىش، چوقۇنۇش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش) دېگەن سۆزدىن قوبۇل قىلىنغان. مەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا يۇقىرىدىكى ئىككى سۆز بىر - بىرىگە ئۇدۇل كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇيغۇرچە «نام» نىڭ كەينىدىكى خەتلەر كەمتۈك. ئەينى زاماندا بۇنىڭغا باشقا سۆزلەر ياندىشىپ كەلسە «فا» غا مەنىداش سۆز بولۇپ شەكىللىنىدىغان ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم.

(2) ئۇيغۇرچە «تاقيې (ه) مه (ه) مۇ» (2 - قۇردا) دېگەن سۆز ئۈچ ئىملىق (تاقى + يەمە + مۇ) دىن ياسالغان.

ئۇ بۇددىزم پەلسەپىسىدىكى «بار» (مەنىسى ئاۋۋىلىسىدىلا مەۋجۇت ئەمەس، كېيىن بارلىققا كەلگەن) دېگەن ئاتالغۇنى كۆچلەندۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تېخىمۇ» دېگەن ئىملىقنىڭ قەدىمكى ئىنتوناتسىيىسىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ②.

(3) «فو» (3 - قۇردا). خەنزۇچە بۇددىزم ئىلاھىنىڭ نامى، بۇ سۆز سانسكرىتچە «بۇددھا» (مەنىسى ئەقىل تاپقان، ئاقىل، ئەۋلىيا) دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىنىشى، خەنزۇلار، دەسلەپ ئۇنى «فوتو» دەپ ئاتىغان، كېيىن، ئۇنىڭدىكى بىر خەتنى قىسقارتىپ «فو» دەپ ئاتايدىغان بولغان). بۇ سۆزگە ئۇيغۇرچىدا «تەڭرى» دەپ مەنە بېرىلگەن، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندا، بۇددا دىنى ئىلاھىنىڭ نامىنىمۇ بۇرۇن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان ئىلاھىنىڭ نامى بىلەن «تەڭرى» دەپ ئاتىغان.

(4) «گاۋ» (6 - قۇردا) دېگەن خەنزۇچە خەت ئەسلىدە بىر خىل ئاق مەشۈت رەختىنىڭ نامى ئىدى، بۇ ھەقتە قەدىمكى خەنزۇچە كىتابلاردا «شاڭ دەۋرىدە پاشانغان مۆتىۋەر زاتلار گاۋ دېگەن رەختتىن كىيىم كىيەتتى» دېگەن خاتىرىلەر بار. بۇ خەتكە مەنىداش ئۇيغۇرچە سۆز «بەگلەتتىمىش × × ×». يەنى بەگ (سۆز تومۇرى) + لەت (بۇيرۇق پېئىل ئۇلانمىسى) + تى (ئۆتكەن زامان پېئىل ئۇلانمىسى) + مىش (سۈپەت پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئۇلانمىسى) دىن ياسالغان، «ئۇلۇغلايدىغان» دېگەن سۈيئىستېمال مەنىسى بار سۈپەت نام، ئۇنىڭ كەينىدىكى خەتلەر كەمتۈك.

(5) «تابىغ» ( 8 ـ قۇردا) بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغۇ‐ چىلار چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ـــ راھىبلارغا سادىغا نامى بىلەن تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش مەجبۇ‐ رىيىتى. بۇ سۆز تاب (سۆز تومۇرى، سېغىنىش، خىزمەتتە بولۇش مەنىسىدە) + ىغ (پېئىلنى ئىسىمغا ياكى سۈپەتكە ئايلاندۇرغۇچى ئۇلانما) دىن ياسالغان. بۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر «غ» بولۇشى، يەنى «تابىغىغ» بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغاندا ئۇ ئاندىن مەخسۇس ئىسىم بولالايدۇ.

بۇ ماقالىدە فوتوسى بېرىلمىگەن باشقا كەمتۈك ۋاراقلاردا يەنە خەنزۇچە «يەن» (言)، «جيەن» (见) دېگەن خەتلەر بار، ئالدىنقىسى «سۆز لە (ه) گىگ» (مەنىسى سۆزلەش)، كېيىنكىسى «كۆرۈگىگلىك» (مەنىسى كۆرۈش) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «سۆزلەگىگ» دېگەن سۆز سۆز (سۆز تومۇرى) + لە (بۇيرۇق پېئىل ئۇلانمىسى) + گۈ (رەۋىشداش ئۇلانمىسى) + ىگ (پېئىلنى ئىسىمغا ياكى سۈپەتكە ئايلاندۇرغۇچى ئۇلانما) دىن ياسالغان، لېكىن يېزىلغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنگارمونىزم قائىدىسى بويىچە بەزى ئۇلانمىلاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار تاشلىنىپ قالغان. «كۆرۈگىگلىك» دېگەن سۆز كۆر (سۆز تومۇرى) + ئۈگ (پېئىلنى ئىسىمغا ياكى سۈپەتكە ئايلان‐ دۇرغۇچى ئۇلانما) + ىگ (پېئىلنى ئىسىمغا ياكى سۈپەتكە ئايلاندۇرغۇچى ئۇلانما) + لىك (پېئىلنىڭ زۆرۈرىيەت رايى ئۇلانمىسى) دىن ياسالغان. بۇنىڭدىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلۈك ئۇلانمىلاردىن پايدىلىنىپ، خەنزۇ‐ چە خەتلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈلۈشىدە كۆزلەنگەن مەنىلەرنىڭ توغرا ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە

«يىشۋي» (以水)، ئېرشو (而说)، «رۇجيەن» (如见)...
قاتارلىق خەنزۇچە ياردەمچى سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇلار خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى زاماندا، ئۇيغۇرلاردىكى بۇددىزم كىتابلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساسەن توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەينى زامانلاردا ئارىياچانتىرى (مايترىسىمىتنى تەرجىمە قىلغۇچى)، سىنقۇ سېلى («ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى تەرجىمە قىلغۇچى) لاردەك ئارىيانشۇناس، خەنزۇشۇناس ئالىملار ئۆتكەن. بۇلارنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ بەزى نۇسخىلىرى تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى. بۇ پاكىتلارنى ئەسلەپ كۆرگەندىن كېيىن شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەينى زاماندا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن بىلىم ئاساسى بولمىغاندا، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن تۈركىي تىللارغا شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققىلى بولمايتتى. جۈملىدىن، بۇ قەدىمكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا ئېرىشكەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتىدۇر.

بۇ قەدىمكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى بىلەن بىللە يەنە تۇبۇتچە (قەدىمكى زاڭزۇچە) ئەسەر پارچىلىرىمۇ تېپىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ قەدىمكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت مىلادىنىڭ IX ئەسىرى ئىچىدە تۈزۈپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرى بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنلا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى مىلادى XI ئەسىردە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئىسلام دىنى شارائىتىدا تۈزۈپ چىققان نادىر ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى شارائىتىدا تۈزۈلۈپ چىققان لۇغەتنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەپسۇسكى بۇ قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەتتىن ساقلىنىپ قالغان ۋە تېپىلغان ۋاراقلار بەك ئاز، لۇغەتنىڭ ھەجمى، ئاپتورىنىڭ نامىمۇ بىزگە مەلۇم ئەمەس.

1977 - يىل، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1960 - يىل 5 - سان 86 - بېتىگە قاراڭ.

② بۇ سۆزنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ مەنپەئەتلىك تەكلىپىگە ئىگە بولغانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىبراھىم مۇتىئىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاپتوردىن:

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى. خەنزۇچە نۇسخىسى «شاڭ دا ئەپەندىنى خاتىرىلەيمىز» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. تۈزىتىلگەن نۇسخىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىندى.)

# قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى پال چوكىسى

1965 - يىلى 1 - ئايدا، ياۋروپانىڭ سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى ئەتراپىدىكى ئەنجانلىق خارابىلىقىدىكى بىر قەدىمكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى ئىزىدىن بىر كومزەك تېپىلغان (فوتو سۈرەتكە قاراڭ). ئۇ كومزەكنىڭ ئىچىدىن «سۇن چۈەن تەزكىرىسى»①، قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان سانسكرىت يېزىقى قاتارلىق بىر تۈركۈم قول يازمىلار بىلەن بىللە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقى بار 25 تال تارىشا چىققان (فوتو سۈرەتكە قاراڭ).

بۇ ماقالىدە مەخسۇس مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە خېتى بار 25 تال تارىشا ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ تارىشىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش. ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتر ئۆپچۆرىسىدە، كەڭلىكى بىر سانتىمېتر، قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتر. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە تارىشا سۇنۇق، خەتلىرىمۇ ئۆچكەن. قالغانلىرى ساق، خەتلىرىمۇ ئېنىق، ھەممىسى قارا سىيادا موي قەلەم بىلەن يېزىلغان.


1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13



ترانسكرىپسىيىسى تۆۋەندىكىچە:

1. سىكىز ئون بىر (سەكسەن بىر)
2. ئالتىمىش ئۈچ (ئاتمىش ئۈچ)
3. توقوز ئون بىش (توقسان بەش)
4. توقوز ئون ئالتى (توقسان ئالتە)
5. سىكىز ئون ئالتى (سەكسەن ئالتە)
6. سىكىز ئون ئىكى (سەكسەن ئىككى)
7. قىرق سىكىز (قىرىق سەككىز)
8. ئالتىمىش تورت (ئاتمىش تۆت)
9. ئەلىگ (ئەللىك)
10. قىرق ئىكى (قىرىق ئىككى)
11. قىرق توقوز (قىرىق توققۇز)
12. توقوز ئون سىكىز (توقسان سەككىز)
13. ئەلىگ سىكىز (ئەللىك سەككىز)
14. ئوتوز ئالتى (ئوتتۇز ئالتە)
15. قىرق بىر (قىرىق بىر)
16. ئوتوز يىتى (ئوتتۇز يەتتە)
17. ئوتوز توقوز (ئوتتۇز توققۇز)
18. يۈز (يۈز)
19. قىرق بىش (قىرىق بەش)
20. يەتمىش ئۈچ (يەتمىش ئۈچ)
21. ئەلىگ بىر (ئەللىك بىر)
22. توقوز ئون... (توقسان...)
23. ئون... (......)
24. ......
25. ......

يۇقىرىدىكى سانلار خالىغانچە يېزىلغان ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا «تۆت» دېگەن سان ئالتە قېتىم، «بەش» دېگەن سان ئالتە قېتىم، «سەككىز» دېگەن سان ئالتە قېتىم، «توققۇز» دېگەن سان ئالتە قېتىم، «ئۈچ» دېگەن سان بەش قېتىم، «ئالتە» دېگەن سان بەش قېتىم، «بىر» دېگەن سان ئۈچ قېتىم، «ئىككى» دېگەن سان ئىككى قېتىم، «يەتتە» دېگەن سان ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەگەر تارىشىدىكى خەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، «بىر»، «ئىككى»، «يەتتە» دېگەن سانلارنىڭ ھەممىسى بەش قېتىمدىن تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان سان قەدىمكى پال بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پال قەدىمدە ھېساب ئىلمى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇنداق ئىلىم ئارقىلىق ياخشىلىق - يامانلىق ھەققىدە مۆنەججىملىك قىلىناتتى. قەدىمدە ئاسمان، يەر (ئادەمزات ۋە باشقا مەۋجۇداتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى تۈرلۈك مەۋجۇداتلارنى مەلۇم سان بىلەن ئىپادىلەيدىغان قىلىپ، ئۇنى ئالتۇن، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپىدىن ئىبارەت بەش چوڭ مەۋجۇدىيەت بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن «مەنە» چىقىرىپ مۆنەججىملىك قىلىدىغان بىمەنە ئىشلار بارئىدى.

بەزى خەنزۇچە پال كىتابلىرىدا، پالغا 55 سان ئىشلىتىلىدۇ دەيدۇ، يەنە بەزىلىرىدە 49 سان ئىشلىتىلىدۇ،② دەيدۇ. ئومۇمەن بۇ جەھەتتە رىۋايەتلەر ئوخشاش ئەمەس. بۇ ئۇيغۇرچە پالغا 49 سان ئىشلىتىلگەن.

بۇ پال چوكىسى بىلەن بىللە بىر كومزەكتىن چىققان قول يازمىلارنىڭ «سۇن چۇەن تەزكىرىسى» دىن باشقىلىرى

ئاساسەن كيۇ جەمەتى هاكىملىق قىلغان قۇجۇ دۆلىتى (مىلادى 499 — 640 - يىللار) زامانىسىدىكى قۇجۇ يېزىقىدا يېزىلغان (خېتى خەنزۇچە) بۇددىزم ئۇملىرى ئىدى.

بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار قاچىلانغان كومزەكنىڭ (فو-



تو سۈرەتكە قاراڭ) ئېگىز-لىكى 34 سانتىمېتىر، ئې-غىزىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دى-ئامېتىرى 28 سانتىمېتىر. تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر، قېزىۋېلىنغاندا ساق (مۇزېيدا ساقلىنىش نومۇرى 65TN:1). ئۇنىڭ ئاغزى لاي بىلەن ئېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىرنىڭ شەكلى چۈ-شۈرۈلگەن تامغا بېسىلىپ پېچەتلەنگەن. كومزەكنىڭ بېزەكلىرى



نېلۇپەر نۇسخا. بۇنداق گۈل نۇسخىلىرى دەل كيۇ جەمەتى هاكىملىق قىلغان قۇجۇ دۆلىتى دەۋرىدە قول-لىنىلغان تىپىك نۇسخا ئىدى③.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئوي-

مانلىقىدا ئەڭ بۇرۇن جەنۇبىي هونلار دۆلەت قۇرغان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى جەمئىيەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە يېزىق، خەت-چەكلىرى خۇددى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە ئېيتىلغاندەك ئىدى، يەنى «ئەرلىرى خور (ئۇيغۇر) لارچە، ئاياللىرى خۇاشياچە»④ كېيىنەتتى، يېزىقى خۇاشياچە، ئوقۇلۇشى خورچە ئىدى. بۇ رايوندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆپ بولغانىدى. مۇشۇ پال چوكىسىمۇ شۇ زاماندا ئۆگىنىلگەن جۇڭگوچە مۇنەججىملىكنىڭ بىر خىلى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بۇ پال چوكىسىدا سانلارنى خاتىرىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر ئالاھىدىلىك بار. مىلادى Ⅷ — Ⅸ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلاردىكى ئۇسۇل بۇنىڭدىن پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، «توقۇز يىگىرمى» (مەنىسى ئون توققۇز)، «ئۈچ ئەلىگ» (مەنىسى قىرىق ئۈچ)، «بېش توقۇز ئون» (مەنىسى سەكسەن بەش)، «تۆرت تۈمەن بېش مىڭ ئۈچ يۈز ئالتمىش»⑤ (مەنىسى ئوخشاش). لېكىن بۇنىڭدا «سەكسەن بىر» دېگەن سان «بىر توقۇز ئون» دېيىلمەي «سەككىز ئون بىر» دېيىلگەن. بۇنداق سان خاتىرىلەش ئېھتىمال قەدىمىرەك بولسا كېرەك (؟). بۇنىڭدا يەنە سىنگارمونىزم ئالامەتلىرىمۇ مۇقىم ئەمەس. بەزىدە ئۈزۈك تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، «بىر» نى «بر»، «ئەلىگ» نى «ئەلگ» دەپ يازغان، دېمەك «ر» بىلەن «گ» سوزۇق تاۋۇش

بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا ئو، ئۇ، ئۆ قاتارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورنى تولىراق ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. بۇلارمۇ يېزىقتىكى خاملىقنىڭ ئالامەتلىرى.

بۇ پال چوكسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال قىممىتى شۇكى، ئۇ مىلادى VII ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.⑥

1978 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① بۇ كومزەكتىن چىققان «سۇن تەزكىرىسى» نى گومورو ئەپەندى تەتقىق قىلىپ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىل 8 - سانىدا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا بۇ قول يازمىنىڭ دەۋرىنى شەرقىي جىن بەگلىكى دەۋرى (مىلادى 317 — 420 - يىللار) دە يېزىلغان دەپ يەكۈن چىقىرىلغان. شۇنداقلا بۇ كومزەكنى «يېگىسار مەھەللىسىدىن تېپىلغان» دېيىلگەن. ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسىدە كومزەك «ئەنجانلىق قەدىمكى خارابىلىقىدىن تېپىلدى» دېيىلگەنىكەن.

② «تۇڭجىتاڭ قىرائەتخانىسىدا ساقلىنىپ قالغان تەرجىمە نوملار ئىزاھى» (通志堂经解) دېگەن كىتابنىڭ 3 - ،103 - جىلدلىرىغا قاراڭ.

③ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ «قۇجۇدىن تېپىلغان ساپال قاچىلار» دېگەن توپلىمىغا قاراڭ.

④ «جۇنامە. قۇجۇ تەزكىرىسى» (周书•高昌传) گە قاراڭ.

⑤ ئا. فون. گاباين «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 1974 - يىلى ۋىسبادىن نەشرى 104 - بەتكە قاراڭ.

⑥ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «مەخسۇس ئارخېئولوگىي

توپلىمى (س)» (考古学专刊丙种一号) 1 - قىسىمدا فېڭ جياشېڭ ئەپەندى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇرقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر-لار ئەڭ بۇرۇن رۇنىك يېزىقى قوللىناتتى. كېيىن سوغدى يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولدى. بۇ مىلادى 808 — 821 - يىللاردىكى توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشىدىن باشلىنىدۇ» دېگەن. شۇنداقلا بۇ كۆز قاراشنى روس-يىلىك رادلوف ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ كۆز قاراشنى راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ يېزىقنى ئۇرقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار IX ئەسىردە تۇرپانغا بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ-دىن بۇرۇن تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار يېزىق قوللانمىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇرپاندا ئۇيغۇر يوق ئىدى، دېيىدىغان بولۇۋالدى، كىتابلارغىمۇ مۇ-شۇنداق يېزىلىپ كەتتى — كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بۇ، تامامەن ئاساسسىز يەكۈن بولۇپ چىقتى.

# «تيانشان» دېگەن نام ھەققىدە

«تيانشان» دېگەن نام تۈركىي تىللارغا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن. بۇ نام خەنزۇ تىلىدا بولسا قەدىمكى تۈركىي تىللاردىكى «تەڭرى» دېگەن سۆزنى ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە قوللىنىش ياكى مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ قوللىنىش يولى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. تيانشاننىڭ ئەسلىدىكى نامى «تەڭرىتاغ» ئىدى. بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

تەڭرىتاغنىڭ قەدىمكى نامى مىلادىدىن ئىلگىرى III ئەسىردىن مىلادى XIX ئەسىرگىچە بولغان 2000 يىللىق ئۇزۇن تارىخىي دەۋر جەريانىدىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلار ۋە يازما خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇن 206 -، مىلادى 220 - يىللار) دىكى كىتابلاردا بۇ تاغ «بېيشەن» (北山) دەپ يېزىلغان. ۋېي - جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادى 220 — 589 - يىللار) دىكى كىتابلاردا «تەنخەنشەن» (贪汗山) دەپ يېزىلغان. سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادى 581 — 907 - يىللار) دىكى كىتابلاردا «بەيشەن» (白山)، «شىلومەنشەن»

(析罗曼山)، «ئاخېتيەنشەن» (阿羯田山)، «تيەنشەن» (天山) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادى 960 — 1644 - يىللار) دىكى كىتابلاردا «تيەنشەن» دەپ ئاتىغاندىن باشقا يەنە «تەڭرىتاغ» (腾乞里塔) دەپمۇ ئاتىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 1644 — 1911 - يىللار) دا بولسا «تيەنشەن» (天山) دېگەن نام ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە تۈركىي تىللارغىمۇ شۇ تەلەپپۇز بويىچە قوبۇل قىلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا خەنزۇ تىلى بىلەن تۈركىي تىللاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان نام بولۇپ قالغان.

تەڭرىتاغنىڭ قەدىمدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزلار بىلەن ئاتىلىشى دەل شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» دېگەن كىتابتا «تارىخنامە. لى گۇاڭلى تەزكىرىسى» گە جېڭ يى، سۇ يىنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىزاھاتلار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «بېيشەن (北山) دىن قىشمۇ ياز قار كەتمەيدۇ. ھونلار ئۇنى تيەنشەن (天山) دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن.

ھونلارنىڭ تىلى دەپ ئاتالغان بىرمۇنچە سۆزلەر مەشھۇر خەنزۇ تارىخچىسى، ئەدىب سىماچيەننىڭ «تارىخنامە. ھون تەزكىرىسى» دىمۇ خاتىرىلەپ ئۆتۈلگەندى. ئۇنىڭدا: «ھونلار تيەن (天 مەنىسى تەڭرى، ئاسمان) دېگەن سۆزنى 撑犁 دەپ ئاتايدۇ» دېيىلگەن. بۇ 撑犁 دېگەن خەتلەر-

نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى Teng Li ئىدى.
بۇ دەل ھونچە «تەڭرى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز
قىلىنىشى ۋە خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى-
دە شەك يوق. دېمەك، ھونلار مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅲ ئە-
سىرلەردە تەڭرىتاغنى دەل «تەڭرىتاغ» دەپ ئاتىغان.

«تارىخنامە» ۋە «خەننامە» لەردە تەكلىماكاننىڭ شىما-
لىدىكى تەڭرىتاغ «بېيشەن» (北山 مەنىسى شىمالىي تاغ)،
جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى «نەنشەن» (南山 مەنىسى
جەنۇبىي تاغ) دەپ خاتىرىلىنىپ قېلىشى تامامەن ئەينى
زاماندىكى سەييياھلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمى ۋەجىدىن
بولغانىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ناملار، مەسىلەن،
«تەنخەنشەن» (贪汗山) دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچە
«تەڭرىخانتاغ» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە
ئارىلاشقان ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى ئىدى. «ئاخېتيەنشەن»
(阿羯田山) دېگەن سۆز تۈركچە «ئاق تەڭرىتاغ» دېگەن
سۆزنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە ئارىلاشقان ترانس-
كرىپسىيە قىلىنىشى ئىدى. «بەيشەن» (白山 مەنىسى ئاق
تاغ) دېگەن سۆز تۈركچە «ئاق تاغ» دېگەن سۆزنىڭ خەن-
زۇچە تەرجىمىسى ئىدى.

يۇقىرىدىكى بايان ۋە مۇلاھىزىلەر بىزنى تەڭرىتاغنىڭ
قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي كىتاب ۋە خاتىرىلەردە قەيت
قىلىنغان ھەر خىل ناملىرى، مەيلى ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىر-
بىرىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، تېگى-
تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھونچە «تەڭرى» (مەنىسى ئىلاھ) دېگەن

سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھەم تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە تەڭرىتاغ رايونى ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. شۇنداقلا، شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇ رايوندا ھون، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مۇتلەق ئاساسىي ئاھالە بولۇپ ياشاپ كەلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىيالەردىكى شىلومەن — «شىرامان» دېگەن سۆز بىزگە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇنقى (مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅲ ئەسىردىن بۇرۇنقى) دەۋرلەرنى ئەسلىتىدۇ.

«شىرامان» قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئالەمشۇمۇل مەرىپەت ياراتقان ئەجدادلىرىمىز — ئارىيانلارنىڭ تىلى بولۇپ، بۇ سۆز «شىر» دېگەن سۆز تومۇرى (مەنىسى يورۇش) دىن ياسالغان. ئەينى زاماننىڭ ئەھلى-ئىلىملىرى «شىرامان» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر، قەلئەمۇ قەلئە ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ، دىنىي-ئىلمىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىناتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قارلىق تاغلاردا ئىستىقامەت قىلاتتى. ئەينى زامانلاردا تەڭرىتاغ ئۇلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىدىغان تېغى بولغاچقا، ئۇ «شىرامان تاغ» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى دەۋرلەردە، يەنى بۇددىزم شىنجاڭدا ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋالىسىدا «تەڭرى» دېگەن ئىلاھقا چوقۇنىدىغان شىرامانلار بۇددىزم دىندارلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ قالغانىدى. بۇ دەۋرلەردە «شىرامان» دېگەن سۆز

«قەلەندەر» دېگەن مەنىدە چۈشىنىلەتتى. دېمەك، تەڭرىتاغنىڭ ئەينى زاماندىكى «شىرامان تاغ» دېگەن نامىمۇ بۇ دەۋرلەردە يەنىلا بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە ساقلىنىپ قالغان.

«تەڭرى» دېگەن ئۇقۇم قەدىمدە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر جەريانىدا تەڭرىتاغنى ئۇلارنىڭ «تەبىئىي ئىلاھ» قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

تەڭرىتاغ ئوتتۇرا ئاسىيا تاغ تىزمىلىرىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتر، كەڭلىكى 250 — 300 كىلومېتر كېلىدۇ. گېئولوگلارنىڭ ئۇنىڭدا پالېئوزويىك دەۋرنىڭ قاتلاملىرى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن 500 مىليون يىل بۇرۇن شەكىللەنگەن.

تەڭرىتاغنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن مۇزلۇقلار، قارلىقلار بار، ئۇنىڭ قات ـ قېتىدا بىھېساب مەدەن ـ بايلىقلىرى ساقلىنىپ ياتىدۇ. تاغ ئارىسى ۋە ئېتەكلىرىدە نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك بايلىقلار بار.

بۇ ھەيۋەتلىك تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تارىم ئويمانلىقى، شىمال تەرىپىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، شەرق تەرىپىدە تۇرپان ئويمانلىقى، غەرب تەرىپىدە پەرغانە ئويمانلىقى قاتارلىق ئويمانلىقلار بار. ھەربىر ئويمانلىقتا يەنە نۇرغۇن كىچىك بوستانلىقلار بار.

بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىتاغنىڭ قار ـ مۇزلىرى ياكى

يەر ئاستى سۈيىنى ئاساسىي سۇ مەنبەسى قىلىپ ياشىرىپ تۇرىدۇ.

تەڭرىتاغ رايونىدىكى ھەربىر جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بار. مەسىلەن، بەزىلىرى قۇملۇق، بەزىلىرى سازلىق، بەزىلىرى شېغىللىق... ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا ـ ئېقىنلىرىنىڭ يۆنىلىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ۋە مەنزىرىلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

قەدىمدە تەڭرىتاغنىڭ ئەتراپلىرىدا ئارىيانلار، ساكلار، ئۇيسۇنلار، توخرىلار، ھونلار، قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار)، سوغدىلار، تۈركلەر (بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدۇر) تاغ بېغىرلاپ، دەريا بويلاپ، پەسىلگە قاراپ يايلاق تاللاپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغىمۇ 4000 يىلدىن ئاشتى.

تارىخىي خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «تەڭرى» دېگەن ئىلاھقا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتلىقى تەڭرىتاغ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇلار تەڭرىتاغقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇلار نەڭرىتاغنىڭ ئۆزىنى بىر ئىلاھ، ئەڭ غالىب، بىردىنبىر تەقدىر بەلگىلىگۈچى، ھاياتلىقنى ھەرخىل مەنبە بىلەن تەمىنلىگۈچى دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا بۇ تاغقا «تەڭرى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغان.

يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە،

تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى تاشقورغان، جەنۇبىدىكى ئالغۇي قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىرى V — III ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ساپال قاچىلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرىدا «∧» شەكىللىك (يەنى تاغ شەكلى) سىزىلمىلار كۆپ ئۇچرىدى. بۇ ئەينى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەڭرىتاغقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ گۈزەل سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭ «خانتەڭرى» دەپ ئاتىلىپ، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىللاردا داستان قىلىنىشىمۇ، دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان تەڭرىتاغقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنىڭ راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي تىل ماتېرىياللىرى ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق مۇنداق يەكۈن ھاسىل بولىدۇ: تەڭرىتاغنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تيانشان» دېگەن نامى تۈركىي تىللارغا خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن، خەنزۇ تىلىدا بولسا قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەڭرىتاغ» دېگەن سۆزدىن ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمە ئارقىلىق شەكىللەنگەن. تۈرك تىلىدىكى ئەسلى نامى بولسا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەڭرىتاغنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقىغا مەنبە بەخش ئېتىپ تۇرغان تەبىئىي ئىلاھ، دەپ چۈشەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ «تەڭرى» دەپ ئاتىغانلىقىدىن پەيدا بولغان.

1981 - يىل 7 - ئاي، بېيجىڭ.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# كروران ئۇيغۇرلىرى

تەكلىماكاننىڭ شەرق تەرىپىدە، تارىم دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسى ئوخشىمىغان يۆنىلىشتىن ئېقىپ كېلىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغىچە بولغان دائىرىدە ھىلال ئايدەك بىر يېشىل بەلباغ ھاسىل بولىدۇ. تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى يۇرتلار پەقەت مۇشۇ يېشىل بەلباغنى بويلاپ ئۆزئارا قاتناش مۇئامىلىسى ئورناتقان. بۇ يېشىل بەلباغنىڭ شەرق تەرەپتىكى قىسمى، يەنى شىمالىي پاراللېل 86.5 نىڭ شەرق تەرىپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىگە تەۋە.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى 195 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، نوپۇسى 20 مىڭغا يېقىن ئاھالىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلار. ئۇلار ئاساسەن چاقىلىق، ۋاششەرى، مىرەندىن ئىبارەت ئۈچ تەبىئىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىغا جايلاشقان، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاران 33 مىڭ مو، سۇ مەنبەسى ئالتۇن تاغدىكى قارلىق ـ مۇزلۇقلاردىن كېلىدۇ. قالغان جايلىرى پۈتۈنلەي ئادەم ياشىيالمايدىغان تاغ ئېتەكىدىكى شېغىللىقلار، قۇملۇقلار، كۆللۈك ـ شورلۇقلار ۋە

دەريا ۋادىلىرىدىكى قەدىمكى ئورمانلىق، ئوتلاقلاردىن ئىبا-
رەت. ئىقلىمى كۆپ ئۆزگىرىشلىك، ھۆل - يېغىنى ئىنتايىن
ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق.
قەدىمدە بۇ رايوندا كروران دۆلىتى بار ئىدى. بۇنىڭ-
دىن 4000 — 6000 يىل بۇرۇن بۇ رايوننىڭ ھاۋاسى
مۆتىدىل، سۈيى مول، مۇھىتى بوستانلىق، يەرلىرى مۇنبەت
ئىدى. بۇغداي تېرىلاتتى، چارۋا بېقىلاتتى. كىگىز، گىلەم
ئىشلەپ چىقىرىلاتتى، يۇڭ رەخت توقۇلاتتى، تېرە ئاشلاپ
كۆن - خروم ئىشلىنەتتى. ئاھالىلىرى كۆن ئىلاھىغا چوقۇ-
ناتتى، ئۈستىگە يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىيىم، بېشىغا
قۇش پەيلىرى قادالغان ئۇچلۇق تۇماق كىيەتتى. ياغاچ
نەقىش - ئويمىچىلىق سەنئىتىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغا-
نىدى. ئومۇمەن بۇ رايوندا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارى-
خىدا ئۇلۇغ نامايەندە بولالايدىغان پارلاق ئىجادىيەتلەر
يارىتىلغانىدى.
مىلادىدىن بۇرۇن 108 - يىلى خەن سۇلالىسى ھۆ-
كۈمىتى بۇ رايوندا ئۆز سودىگەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ
بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مەھكىمە تەسىس
قىلغاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئەسىرگىچە يىپەك سودىسى
ئاۋات بولدى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ناھايىتى راۋاج
تاپتى. لېكىن مىلادىيە III — IV ئەسىرلەردە بۇ رايوننىڭ
تەبىئىي شارائىتىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى؛ چوڭ قۇرغاق-
چىلىق يۈز بەردى، ھۆل- يېغىن ئۆكسۈپ قالدى. دەريالار-
دا سۇ ئازلاپ كەتتى، تېرىلغۇ يەرلەر قۇرىدى، كۆل
ساھىللىرى شورلاشتى، ئورمانلىق - ئوتلاقلار سارغايدى.

شۇنىڭ بىلەن تەكلىماكاننىڭ قۇم - بورانلىرى ھېچبىر كۈچ سەرپ قىلمايلا بۇ رايوننىڭ توسالغۇسى بولمىغان دەريا ۋە بوستانلىقلىرىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭ - يېغىلىقلار كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ دۆلەتنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ھەر تەرەپكە كۆچۈشكە باشلىدى.

تارىخىي خاتىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ رايوندىكى نۇرغۇن ئاھالىلەر شۇ مەزگىللەردە تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ بارغان. يەرلىك رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يەنە بىرمۇنچە ئاھالىلەر تارىم دەرياسىنى بويلاپ خوتەنگىچە كۆچۈپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتنىڭ شەھەر ۋە يۇرتلىرى ئازلا ئادەم بىلەن قالغان. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، مىلادىيە V ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي قەبىلىلەر تۇرپان ئويمانلىقى ئارقىلىق بۇ رايونغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ جايدىن كۆچۈپ كەتمىگەن ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە تەكلىماكاننىڭ قۇم - بورانلىرى تامامەن ئىگىلەپ بولالمىغان يېشىل بوستانلىقلارنى قوغداپ قالغان.

بۇ كروران رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى تۈرك قوۋملىرى ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئىشلەتكەن قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ نامى يەرلىك كىشىلەر قوللىنىدىغان كاروشتى تىلىدىكى «جاككا»، «جاك» — ھارۋا چاقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتىلىپ، بۇ يۇرتنىڭ نامىمۇ ئاخىر «چاقىلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ھازىرقى چاقىلىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى دەل شۇ زامانلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر

بىلەن كاروشتى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن كىروران ئۇيغۇرلىرىدۇر.

ئەگەر سىز كورلىدىن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقسىڭىز، يول بويى سان - ساناقسىز پارچە - پارچە قۇم دۆڭلىرى ۋە چۆل - جەزىرىلەرنى؛ قومۇشلۇق - ياۋا كەندىرلىكلەرنى؛ يۇلغۇنلارنى، توغراقلىق، چاتقاللىقلارنى؛ تېتىر - شورلۇقلارنى... بېسىپ ئۆتىسىز. چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتكەندە ئۇساپ - چاڭقاپ گال - كالپۇكلىرىڭىز قۇرۇپ ئازابلانغىنىڭىزدا، ئۆسۈملۈك - گىيا بار جايلاردىن ئۆتكەندە تەبىئىي گىيا - چېچەكلەرنىڭ نەملىك - خۇش پۇراقلىق ھىدلىرى بىلەن كۆڭلى - كۆكسىڭىز راھەتلەنگەندە، سىز چوقۇم يېشىل بوستانلىقلارنى ئاسراشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىسىز. شۇنداقلا، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى بوستانلىقلارنى قوغداش تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئوبدان يەكۈنلەپ، بۇ بوستانلىقلارنى تەكلىماكاننىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بەرمەي، بەلكى داۋاملىق كېڭەيتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا تېخىمۇ زور باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە ئىلھام بېرىش ۋە كۈچ قوشۇشنى ئويلىماي تۇرالمايسىز.

1981 - يىل 12 - ئاي، بېيجىڭ.

(بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرى «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 4 - سانىدا شۇ ژۇرنالنىڭ فوتو مۇخبىرى يولداش ئەركىننىڭ فوتو ئەسەرلىرى بىلەن بىللە قىستۇرۇلۇپ ئېلان قىلىنغان.)

# «شى ۋاڭمۇ» رىۋايىتى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزە

«شى ۋاڭمۇ» (西王母) رىۋايىتى جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ رىۋايەتنىڭ دەسلەپكى مەزمۇنلىرى جەنگو (战国) دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ رىۋايەتكە ئاز - تولا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تويىنىزىم (道教) ئەۋج ئالغاندا، تويىنىزىمچىلار بۇ رىۋايەتكە دىنىي تۈس بېرىپ، شى ۋاڭمۇنى «پەرى» (女仙) دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، جۇڭگو بۇددىزمىمۇ بۇ رىۋايەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆي بۇددىزم غارلىرىغا «شى ۋاڭمۇ بىلەن دۇڭ ۋاڭگۇڭ» (西王母与东王公) دېگەن يېڭى تېمىدا تام رەسىملىرى سىزىلغان. قىسقىسى، چىڭ (清) سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ بېيجىڭدىكى گۇگۇڭ ئوردىسىنىڭ «شىخۇامېن» دەرۋازىسى شى ۋاڭمۇنى ئەسلىتىدىغان «پەرى دەرۋازىسى»

دېگەن نام بىلەن ئاتالغان... دېمەك، بۇ رىۋايەت جۇڭگودا ئۇزۇن تارىختىن بۇيان كەڭ دائىرىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. جۇڭگودا بۇ رىۋايەتنى ھەممە كىشى بىلىدۇ، دېيىلسە مۇبالىغە بولمايدۇ.

بىراق ھەممە كىشى خەۋەردار بولغان بۇ رىۋايەتنىڭ ھەممە كىشىنىڭ ئۇقۇمىدا تازا دېگەندەك ئېنىق بولۇشى ناتايىن. ھالبۇكى، ئەينى زاماندا (جەنگو دەۋرىدىلا) بۇ رىۋايەت ھەققىدە بىرمۇنچە كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇپ ئۆتكەن. شۇنداقلا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردىمۇ ھامان ئەدىبلەر ئوتتۇرىسىدا بۇنداق مۇنازىرە ئۆكسۈپ قالغىنى يوق. مەسىلەن، «جۇاڭزى، دازۇڭشى» (庄子•大宗师) دا: «بۇ رىۋايەتنىڭ بېشى نەدە، ئايىغى نەدە، كىم بىلگەي» دېگەن سۆزلەر بار. سىمابياۋنىڭ «جۇاڭزى ئىزاھى» (司马彪•庄子注) دا شى ۋاڭمۇ «بىر ئۆڭكۈرنىڭ نامى» دېيىلگەن. سۈي زىننىڭ «جۇاڭزى ئىزاھى» (崔撰•庄子注) دا «شى ۋاڭمۇ بىر تاغنىڭ نامى ياكى غەربتىكى كائىناتتۇر» دېيىلگەن. خۇەينەنزىنىڭ «دىشىڭشۈن» (淮南子·地形训) دە «شى ۋاڭمۇ ئاقار قۇمنىڭ بويىدا» دېيىلگەن. «ئېرىيا. شىدى» (尔雅•释地) دە «خۇجۇ (觚竹)، بېيخۇ (北户)، شى ۋاڭمۇ، دېگەنلەر غەرب چۆللىرىدۇر» دېيىلگەن... بۇ قەدىمكى ئەدىبلەر ئىچىدىكى بىر خىل كۆز قاراش، يەنى «شى ۋاڭمۇ» دېگەن يەر نامى، دەيدىغان قاراش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل كۆز قاراشمۇ بار ئىدى، ئۇلار «شى ۋاڭمۇ» دېگەن ئادەم ئىسمى، دەپ قارايتتى. مەسىلەن، «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى».

سويېن» (史记·大宛列传·索引) دا «تاغۇ دەريالار
ھەققىدىكى قەسىدىلەر» (山海经) دىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ
«شى ۋاڭمۇ قاش تاغ (玉山) لىق» دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى
كىتابنىڭ «جېڭيى» (正义) دېگەن نام ئاستىدا بېرىلگەن
ئىزاھاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى «مۇتيەنزىنىڭ تەرجىمھالى»
(穆天子传) غا بېرىلگەن باھادا «شى ۋاڭمۇ، دېگەن
ئارساك (安息) مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرى
ئىدى، ئۇ ھېچقاچان (مۇتيەنزى) بىلەن كۆرۈشمىگەن» دېيىلگەن.
«تەيپىڭجىڭ» (太平经) نىڭ 38 - جىلدىكى «ئۇس-
تاز ھېكمەتلىرى» (师策文) بابىدا «ئادەمنىڭ ئۆمرىنى
ياشارتىپ ھەممىشە شى ۋاڭمۇغا ئوخشاش قىلىدىغان 90
خەتلىك ھېكمەت ئۆلىمالارغا تەۋەررۇك بولۇپ قالغان»
دېيىلگەن... دېمەك، شى ۋاڭمۇ ئادەم ئىسمىمۇ ياكى يۇرت
نامىمۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە شى ۋاڭمۇ رىۋايىتى جۇڭگو-
دا پەيدا بولغان زاماندىن تارتىپلا تالاش - تارتىش بولۇپ
كەلگەن، بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق. شۇ سەۋەبتىن بۇ
تېما ئەۋلادلارنىڭ تەتقىق قىلىپ يەكۈن چىقىرىشىنى
كۈتۈپ كەلدى.

مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر بۇ تېما
ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇ تېمىنى جۇڭگولۇق
مۇتەخەسسىسلەر تەتقىق قىلىپلا قالماي، بەلكى چەت ئەللىك
مۇتەخەسسىسلەرمۇ تەتقىق قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ چىقارغان
يەكۈنلىرى يەنىلا بىر - بىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.
بۇ جەھەتتە چىقىرىلغان يەكۈنلەر 1962 - يىلى جۇڭخۇا
كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو-

نىڭ ئۇچى ۋە سىرتىدىكى تارىخىي يۇرتلارنى ئىسپاتلاش» (中外史地考证) ناملىق توپلامنىڭ 1 — 41 - بەتلىرىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان (بۇ كىتاب نامى تۆۋەندە «ئىسپاتلاش» دەپ قىسقارتىپ ئاتىلىدۇ).

«ئىسپاتلاش» تا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا:

لوكاۋپىرىيى (Locauprie) «شى ۋاڭمۇ ئەرەبىستاندىكى قەدىمكى شابا (shaba) دۆلىتىنىڭ ئايال خانى» دەپ يەكۈن چىقارغان.

چاۋانىس (chavanss) «شى ۋاڭمۇ تارىم ۋادىسىدا» دەپ يەكۈن چىقارغان.

تېڭتيەن فېڭبا (藤田丰八) «شى ۋاڭمۇ چىڭخەيدە» دەپ يەكۈن چىقارغان.

گۇ شى (顾实) «شى ۋاڭمۇ ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدىكى ۋارشاۋا دائىرىسىدە» دەپ يەكۈن چىقارغان.

يۈ شېڭۋۇ (于省吾) «شى ۋاڭمۇ دېگەن غەربىي ئانا (西母) دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا خان (王) دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئۇلانغان رىۋايەت» دەپ يەكۈن چىقارغان.

«ئىسپاتلاش» نىڭ ئاپتورى يۇقىرقى يەكۈنلەرنىڭ ھەممىسىنى پاكىت كۆرسەتمەيلا رەت قىلىپ، «شى ۋاڭمۇ تۈركلەرنىڭ ئىشبارا دېگەن خاقانى» دەپ يەكۈن چىقارغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى قەدىمكى رىۋايەتلەر» (中国古代神话) دېگەن كىتابتا «شى ۋاڭمۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكى تېخى مۇقىملانمىدى» دېيىلگەن.

جۇملىدىن شى ۋاڭمۇ رىۋايىتى تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش — ئېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن يەكۈنگە ئىگە بولالماي كەلمەكتە. شۇڭا بۇ ماقالەمدە شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ يېڭى مۇلاھىزە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## بۇرۇنقى تەتقىقاتلارغا باھا

شى ۋاڭمۇنى «يۇرت نامى» دەپ يەكۈن چىقارغان مۇتەخەسسىسلەر شى ۋاڭمۇ ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ قايسى ئاساسىي ماتېرىيال، قايسى پايدىلىنىش ماتېرىيالى ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا «تاغۇ دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەر» دىكى خاتىرىلەر ئاساسىي ماتېرىيال ئىدى. «جۇاڭزى» قاتارلىق كىتابلاردىكى سۆزلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن كۆز قاراشلار بولغاچقا، ئۇنى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى دەپ قاراش كېرەك ئىدى. مۇھىمى، «جۇاڭزى» دېگەن كىتابتا شى ۋاڭمۇ توغرىسىدا سۆز قىلىنغانلىقىغا ئاساسلىنىپ «تاغۇ دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەر» دىكى شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنىڭ جەنگو دەۋرىدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك ئىدى.

ئەگەر ئاساسىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىغىمۇ نەزەر تاشلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنى ئىسپاتلاش ئانچە قىيىن بولمايتتى.

«تاغـۇ دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەر» دە ؛ «غەربكە قاراپ
يەنە 350 چاقىرىم يول يۈرسە، شى ۋاڭمۇ تۇرىدىغان قاش-
تاغقا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. «لىيېزى» (列子)
دېيىلگەن كىتابتا: «جۇمۇۋاڭ سەككىز دۇلدۇللۇق مەپە قات-
قۇزۇپ مېھمان بولۇپ بارغاندا، شى ۋاڭمۇ ئۇنىڭغا ناخشا
ئېيتىپ بەرگەن» دېيىلگەن. «بامبۇككا پۈتۈلگەن يىلنامە»
(竹书·纪年) دە: «جۇمۇۋاڭ 17 - يىلى قۇرۇم تاغ
(昆仑丘) قا سەپەر قىلىپ بېرىپ شى ۋاڭمۇنى كۆرگەن،
بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇمۇ پەتىگە كېلىپ جاۋگوڭ سارىيى-
دا مېھمان بولغان» دېيىلگەن. «تارىخنامە» نىڭ «جۇنە-
سەبنامىسى» (周本纪)، «چىن نەسەبنامىسى» (秦本纪)،
«جاۋ جەمەت تەزكىرىسى» (赵世家传) دېگەن بابلىرىدا:
«جۇمۇۋاڭ زاۋفۇغا مەپە ھەيدىتىپ غەربكە شىكارغا چىققان-
دا شى ۋاڭمۇ بىلەن كۆرۈشكەن» دېيىلگەن. تۇيىن دىنى
توغرىسىدىكى «شىيى» (释义) دېگەن كىتابتا: «خەن ۋۇدى-
نىڭ ئوردا تەزكىرىسى» (汉武内传) دىن نەقىل كەلتۈ-
رۈپ: «شى ۋاڭمۇ شاگىيون خېنىم بىلەن بىللە ئەرشتىن چۈش-
كەن» دېيىلگەن ... يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە «شى ۋاڭمۇ»
نىڭ ئادەم ئىسمى ياكى يۇرت نامى ئىكەنلىكى ناھايىتى
ئېنىق. دېمەك، شى ۋاڭمۇ ئادەم ئىسمى ئىدى. تېخىمۇ ئې-
نىق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ جىنسى ئايال، تۇرغان ئورنى
«قۇرۇم تاغ» دېگەن يۇرتتا ئىدى.

شى ۋاڭمۇنى «ئادەم ئىسمى» دەيدىغان كۆز قاراشتىكى
مۇتەخەسسىسلەر بولسا، شى ۋاڭمۇنىڭ قايسى دەۋرلەردە رى-
ۋايەت، چۆچەكلەردىكى ئادەم، قايسى دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ

ئېتىقادىدىكى ئىلاھ بولغانلىقىنى پەرقلەندۈرمىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، شى ۋاڭمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇن رىۋايەت - چۆچەكلەردىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى ئىلاھ بولۇپ قالغان. ئەگەر بۇ چېگرا ئېنىق ئايرىتىلمىسا ئادەم بىلەن ئىلاھ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلۇپ، «ئىسپاتلاش» نىڭ ئاپتورىغا ئوخشاش بىر «ئايال ئىلاھ» (پەرى) نى «تۈرك ئېلىنىڭ ئەر خاقانى» غا تەتبىقلاپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بۇ تارىخىي ۋەقەدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىنى قىستاپ قويىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا يەنە جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى بىلەن چەت ئەلنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلمىگەن (بۇ تولىمۇ سەل قارالغان مەسىلە ئىدى). ئەمەلىيەتتە بولسا، خاتىرىلەردىكى «قۇرۇم تاغ» دېگەن جاي ھازىرقى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى رايونى ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ رىۋايەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان دائىرە ئىچىدە، يەنى خۇاڭخې ۋادىسىدىن كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى رايونىغىچە بولغان بۇ كەڭ دائىرە ئىچىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاندىن ئىبارەت قەدىمكى ئىككى چوڭ مەرىپەتلىك ئەل — قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكى بار ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ تېمىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئوخشاش نەزەر سېلىش لازىم بولىدۇ. لېكىن بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە نەزەر سېلىنمىغان.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا يەنە بىر ئېغىر مەسىلە بار-

كى، بەزى مۇتەخەسسىسلەر جۇڭگو خاتىرىلىرىدىكى چەت-
ئەل يۇرت ناملىرى ۋە ئادەم ئىسىملىرىنى تەھلىل قىلغاندا،
تىلشۇناسلىقنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئىلمىي قائىدىلىرىگە
رىئايە قىلمىغان. مەسىلەن، «ئىسپاتلاش» نىڭ ئاپتورى: «شى
ۋاڭمۇ، دېگەن خەتنىڭ قەدىمكى فونېتىكىسى sieijiwangməu
بولىدۇ، قەدىمكى تۈرك خاقانى ئىشبارا (始婆罗)
نىڭ نامى قەدىمكى فونېتىكا بويىچە išvara بولىدۇ، بۇ
خان ھوقۇقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا m ئۇلانمى-
سى قوشۇلۇپ تەكرارلانسا m — išvara دەپ ئوقۇلۇپ
švawangmu بولىدۇ. بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ فونېتىكىسى
بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. سوغدى تىلىدىكى xšā — van دې-
گەنمۇ شى ۋاڭ (西王) دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مېنىڭ كۆپ
يىللاردىن بۇيانقى ئىسپاتلاش خىيالىم ئىدى.» دەيدۇ. يۇ-
قىرىدىكى تەھلىللەردىن قارىغاندا، «ئىسپاتلاش» نىڭ ئاپ-
تورىنى تىلشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرى جەھەتتە ئەڭ
تۆۋەن ساۋاتقا ئىگە، دەپ ئېيتىش قىيىن. چۈنكى تىلشۇ-
ناسلىق دېگەن پەن ھەرقانداق بىرەر ئالىمنىڭ «كۆپ
يىللاردىن بۇيانقى خىيالى» بويىچە ئىش كۆرۈشىگە، خا-
لىغان يېرىگە m ئۇلانمىسىنى قوشۇپ، بىرى يېتىشمىسە
يەنە بىرنى قوشۇپ تەكرارلاپ mm قىلىپ قويۇشقا، ئۇ يېتىش-
مىسە يەنە بىر u نى قوشۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئەگەر
بۇ پەننى چۆرۈۋېتىپ «ئىشبارا» نى «شى ۋاڭمۇ» قىلماق-
چى بولسىمۇ مۇشۇ بىرقانچە قوشۇمچىلار بىلەن مەسىلىنى
ھەل قىلغىلى مۇتلەق بولمايدۇ، يەنە باشقا ھەرپلەرنىمۇ
ئۆز خىيالى بويىچە ئۆزگەرتمىسە بولمايدۇ.

«ئىسپاتلاش» نىڭ ئاپتورى جۇڭگونىڭ مەشھۇر تۈرك-
شۇناس ئالىمى ئىدى. ئۇ ئالىمنى مىلادى 585 - يىلى
تەختكە ئولتۇرغان شەرقىي تۈرك خاقانى ئىشباراخان
(خەنزۇچە خاتىرىلەردە 沙钵罗 ياكى 失钵罗 دەپ يې-
زىلىدۇ) نىڭ ئەر ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى يوق دېيىلسە، تې-
خىمۇ ئەقىلغە سىغمايدۇ. قىسقىسى «ئىشبارا» نى ھەرقان-
داق ئۆزگەرتكەن بىلەن، ئۇ ھەرگىزمۇ «شى ۋاڭمۇ» غا
ئۆزگەرمەيدۇ.

## جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى «شى ۋاڭمۇ» بىلەن ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇما»

جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە «شى ۋاڭمۇ» غا ھەر خىل ئوب-
راز بېرىلگەن. مەسىلەن، «تاغۇ دەريالار ھەققىدىكى قەس-
دىلەر» دە ئۇنى «ئادەم سىياقلىق، يىلپىز قۇيرۇقلۇق، يول-
ۋاس چىشلىق، چىرقىراشقا ماھىر، چېچى پاخپاق، ئۈست-
بېشىغا شېڭ (胜) دېيىدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان،
ئەلنى سوراش جەھەتتە بەش تۈرلۈك زوراۋانلىق تەدبىرى
بار» دەپ تەسۋىرلەنگەن. «مۇتىيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى»
دا «ئوماق، نازاكەتلىك، غەزەل - قوشاققا ماھىر» دەپ تەس-
ۋىرلىگەن. «خەن ۋۇدىنىڭ ئوردا تەزكىرىسى» دە «گۈزەللىك-
تە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق» دەپ تەسۋىرلىگەن. رىۋايەت
قىلىنىشىچە: بۇ «پەرى» 3000 يىلدا بىر قېتىم مېۋە بې-

ـرىدىغان بىر خىل شاپتۇل (蟠桃) نى خەن ۋۇدىغا ھەدىيە قىلـ
غانىمىش. «شېنيىجىن، جۇڭخۇاڭجىن» (神异经、中荒经)
دا دۇڭ ۋاڭگۇڭ (东王公) ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئوبرا-
زى يارىتىلىپ، ئۇ «شى ۋاڭمۇ بىلەن ئاشىق - مەشۇق ئىدى،
بىر يىلدا بىر قېتىم ئۇچرىشاتتى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن
كېيىن جۇڭگودا «پەرىشتە»، «پەرى» دېگەن ئاتالغۇلار
كەڭ تارقالدى، شى ۋاڭمۇ بولسا «پەرى» دەپ ئاتالدى.
«تەيپىڭجىن» (太平经) نىڭ 38 - جىلدىدا «90 خەتـ
لىك ھېكمەت شى ۋاڭمۇدىن جۇڭگو ئۆلىمالىرىغا تەۋەررۇك
بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. بۇ كىتابنىڭ 39 - جىلدىدا يەـ
نە «شى ۋاڭمۇ ئىلاھلارنىڭ مۆتىۋەرىدۇر» دەپ تەسۋىرـ
لەنگەن. جۇملىدىن، بۇ دەۋرلەردە شى ۋاڭمۇ تىۋىپ دىنىـ
نىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا سىڭـ
دۈرۈلۈپ «قېرىماسلىق، ئۆلمەسلىك» نىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە ئوبرازى شى ۋاڭمۇغا ئوخـ
شايدىغان يەنە بىر كىشى ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇما
(umā) ئىدى.

سانسكرىتچە «پۇرانا» (purāṇa، مەنىسى ئەلمىساق)
دېگەن قەدىمكى تارىخىي ھېكايىلەر توپلىمىدا ھىما (مەـ
نىسى قار) پەرىسى بىلەن كائىنات ئىلاھى شىۋا (ṣiva)
نىڭ ئاشىق - مەشۇق بولۇپ توي قىلىشقانلىقى توغرىسىدا
بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە: شىۋا ئۈچ چوڭ
ئىلاھ (ياراتقۇچى، قوغدىغۇچى، جازالىغۇچى) نىڭ مۆتىـ
ۋەرى بولسىمۇ، لېكىن جازا يۈرگۈزگەندە ئۇنىڭ غايىبانە
كۈچ - قۇدرەت پەيدا قىلىش ئىقتىدارى تېخى تازا يۇقىرى

ئەمەس ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇنداق ئۇلۇغ غايىبانە كۈچ پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش ئۈچۈن قولىدا ئۈچ بىسلىق نەيزە تۇتۇپ، بېشىغا يېڭى ئاينى قوندۇرۇپ، بوينىغا بىر يىلاننى يۆگەشتۈرۈپ، بىر ئاق ئۆكۈزگە مىنىپ يۈرۈپ ھىمالايانىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدا ئىستىقامەت قىلىدىكەن. ھىمالايانىڭ قىزى — ھىما پەرىنىڭ بولسا جازا يۈرگۈزگەندە غايىبانە كۈچ-قۇدرەت پەيدا قىلىش ئىقتىدارى ئاجايىپ يۇقىرى ئىكەن. ئۇ ھەم ئىككى خىل ئۇسۇل (تولغىنىدىغان ھەم تولغانمايدىغان) ئويناشنى ئىجاد قىلغان سەنئەت پەرىسى ئىكەن. شۇ زامانلاردا، ئالەمدە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپتۇ. تەڭرىلەر بۇنى تۈزەش ئۈچۈن ھىما پەرىنى شىۋا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئورۇنغا ئەۋەتىپتۇ ۋە بۇ ئىككىيلەندىن بىر تەڭرى ئەركىسى تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئىشىق ئىلاھىنىڭ خالىسانە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ تويى بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. سىكاندا ئىسىملىك بۇ ئوغۇل تەڭرى ئەسكەرلىرىگە سەردار بولۇپتۇ. ئۇ بىر چوڭ توزغا مىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىدىغان ئالتە باشلىق، 12 قوللۇق «غازات پىرى» دەپ ئاتاق ئېلىپتۇ. بۇ چاغدا شىۋا ئىلاھ ئۆزىنىڭ ئىستىقامەت قىلىش ئەقىدىسىدىن ئاللىقاچان ئېزىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپتۇ-دە، دەرھال قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ئۈچىنچى كۆزىنىڭ ئىلاھى ئوتى بىلەن ئۆزىنى ئازدۇرغان ئىشىق ئىلاھىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپتۇ (شۇنىڭدىن كېيىن ئىشىق ئىلاھى جىسمىدىن ئايرىلىپ، پەقەت روھلا بار، بەدىنى يوق ئىلاھقا ئايلىنىپتۇ). بۇ ئوتنىڭ تەپتىدە ئالەمنىڭ مالىمان بولۇپ كېتىشىگە

سەۋەبچى بولغان ئۈچ چوڭ ياۋۇز دۆلەت كۆيۈپ كېتىپتۇ...

كېيىنكى زامانلاردا ھىندىستانلىقلار مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن ھىما پەرىگە چوقۇنغان، ئۇنى غايىبانە كۈچ ھاسىل قىلغۇچىلارنىڭ سىمۋولى قىلغان. ئۇلار بۇ پەرىنىڭ ئىسمىنى «ئۇما» دەپ ئاتايتتى.

بۇنىڭدىن يەنە باشقا بىرمۇنچە تارىخىي ھېكايىلەردىمۇ ئۇمانىڭ ئوبرازى تەسۋىرلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئىككى خىل ئوبرازى بار ئىدى: بىرى — رەھىمدىللىك ھەم كۆركەملىك، يەنە بىرى — رەھىمسىزلىك ھەم سەتلىك. ئۇنىڭ ئۆز ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان بىرمۇنچە تەخەللۇس - لەقەملىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئىلاھنىڭ رەپىقىسى ياكى ئايال ئىلاھ (devī)، نۇر سىمان، ئوماق (umā)، ھىمالايا قىزى (haimavadī، بۇ ئۇنىڭ ئەجداد ئىسمى ئىدى)، تاغدىن تۆرەلگەن قىز (grijā/advịjā)، مۇقەددەس ياش قىز (kayakumarī)، ئانا (abikā) ھەمىشە ياشىرىپ تۇرىدىغان ئايال (avạrā)، يېڭىلمەس ئايال (vijayā)، باي خېنىم (riddhī)، شىۋانىڭ ئەلچىسى (śivadūtī)... قاتارلىقلار.

ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى رەھىمدىللىك، كۆركەم ئوبرازىنى تەسۋىرلەيدىغان تەخەللۇس - لەقەملىرىدىن باشقا يەنە رەھىمسىزلىك ھەم سەتلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان بىرمۇنچە تەخەللۇس - لەقەملىرىمۇ بار. مەسىلەن، چېقىلغىلى بولمايدىغان ئايال (durgā)، قاراڭغۇ - زۇلمەتلىك ئايال (kalī)، رەھىمسىز - زالىم ئايال (chandī)، قورقۇنچلۇق ئايال (bhairavī)، ئون قوللۇق ئايال (daśabhujā)، شىرغا

سىنگەن ئايال (sinharahinī)، پاخىراقباش ئايال (muktake śī)… ۋە باشقىلار.

ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى ئۇمانىڭ رەھىمدىللىك ئوبرازى جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى «مۇتيەنزىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ھېكايە قىلىنغان شى ۋاڭمۇنىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدۇ. ئۇمانىڭ رەھىمسىزلىك ئوبرازى «تاغ ۋە دەريالار ھەققىدىكى قەسىدىلەر» دە ھېكايە قىلىنغان شى ۋاڭمۇنىڭ ئوبرازىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى شى ۋاڭمۇنىڭ «گۈزەللىكتە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق»، «پەرى»، «پەرىلەر مۆتىۋەرى»، «غەزەل – قوشاق ماھىرى»، «قېرىماس – ئۆلمەس» دېگەن تەخەللۇس – لەقەملىرىمۇ ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى ئۇمانىڭ تەخەللۇس – لەقەملىرى بىلەن مەنىداش. ئۇنىڭ «90 خەتلىك ھېكمەت» نى ھەدىيە قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئاشىقىنىڭ ئىسمى «دۇڭ ۋاڭگۇڭ» ئىكەنلىكى… بۇلار ئۇما رىۋايىتىنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بۇ رىۋايەت يەنە راۋاجلاندۇرۇلۇپ «چاڭئېي قىز شى ۋاڭمۇنىڭ ئۆلمەسلىك دورىسىنى يەۋېلىپ ئايغا چىقىپ كەتكەن» دېگەن چۆچەكلەرمۇ توقۇلغان.

قولىمىزدىكى بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو رىۋايەتلىرى بىلەن ھىندىستان رىۋايەتلىرىنى بىر – بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرگەندىن كېيىن، شى ۋاڭمۇ رىۋايىتى بىلەن ئۇما رىۋايىتىنىڭ مەنبەسى بىر، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو رىۋايىتىدىكى شى ۋاڭمۇ دەل ھىندىستان رىۋايىتىدىكى ئۇما، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. بۇ خۇلاسە تۆۋەندىكى پاراگرافلاردا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ.

## «شى ۋاڭمۇ» بىلەن «ئۇما» دېگەن ئىسمىنىڭ فونېتىكا سېلىشتۇرمىسى

«شى ۋاڭمۇ» دېگەن ئىسىم خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا يەنە «ۋاڭ مۇ» (王母، مەنىسى خان ئانا)، «ئالتۇن ئانا» (金母)، «غەرب مومىسى» (西姥)، «خان ئاغىچا» (王母娘娘)…… دەپمۇ يېزىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا «شى» (西، مەنىسى غەرب) دېگەن خەت ئۇنىڭ غەربتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان تولۇقلىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «ۋاڭمۇ» ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

«ۋاڭ» (王) دېگەن خەتنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تەلەپپۇزى «uang»، «مۇ» (母) دېگەن خەتنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى «mou» ئىدى. (دىڭ شېڭشۇ تۈزگەن «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى» دېگەن كىتابقا قاراڭ.) uang بىلەن mou نى قوشۇپ ئوقۇغاندا قەدىمكى تىلنىڭ سىنگارمونىزم قائىدىسى بويىچە ng تاۋۇشى m تاۋۇشى تەرىپىدىن تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ uammou دەپ ئوقۇلىدۇ.

قەدىمكى زاماندا سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم كالاملىرىنىڭ ھەممىسىدە سانسكرىتچىدىكى a، ā تاۋۇشلۇق بوغۇملارنىڭ ھەممىسى، o، ou تاۋۇشلۇق خەتلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ماھابھاراتا» (mahabhōrata) دېگەن كىتاب ئىسمى

«مۇكوپولودو» (摩诃婆罗多)، «براھـمـان» (brōhman) دېگەن ئىسىم «پولومېن» (婆罗门)، «ساتتىۋا» دېـگـەن سۆپەت نام «سادو» (萨唾)، «بۇددا» (buddha) دېـگـەن ئىسىم «فـوتـو» (佛陀) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنـغـان. مىلادى 640 - يىلى شۈەنجۇاڭنى قوغدىغان ۋە كۆپ قوللىغان ھىندىستان پادىشاھى udita خەنزۇچە خـەت بىلـەن (乌地多) دەپ يېزىلغان.

ئۇمانىڭ ئىسمـى سۇڭ دەۋرىـدە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان (مىلادى 980 — 1001 - يىللاردا) «بۇددىستـۋا تـانتـىرا» (大方广菩萨经) دا «ئۇمـۇ» (乌摩) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ يېزىلغان.

خۇلاسە: «ۋاڭمۇ» دېگەن خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى «ئۇما» بىلەن ئوخشاش.

## شى ۋاڭمۇ، ئۇما رىۋايەتلىرى بىلەن قەدىمكى تۈرك پەرىسى «ئۇماي» نىڭ سېلىشتۇرمىسى

قەدىمدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەدىمكـى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيـەت ئالاقىلىرى ھازىرقى شىنجاڭ ئارقىلىق بولاتتى. شۇڭا شىنجـاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدا ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرى ئىنكاس قىلىنـىپ تـۇرىـدۇ. جۈملىدىن شى ۋاڭمۇ بىلەن ئۇمانـى سېلىشتۇرۇپ تـەتـقىق

قىلىشتا قەدىمكى شىنجاڭ رايونىدىكى ئايال ئىلاھ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

قەدىمكي تۈرك رىۋايەتلىرىدە «ئۇماي» دەپ ئاتالغان بىر پەرى بار. بۇ ئىسىم قەدىمكى تۈرك (ئۇرقۇن) يېزىقىدا D77> دەپ يېزىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئالەمنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە «تەڭرى» ئىسىملىك بىر ياراتقۇچى ئىلاھ تۇرارمىش (ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركلەر «يارۇق» يەنى يورۇقلۇق دۇنيا، دەپ چۈشىنەتتى). ئالەمنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى — يەر (قاراڭغۇ - زۇلمەت دۇنياسى) بولۇپ، بۇ ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەۋلادلارنى زىرائەت - ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدىغان تۇپراق ۋە ئۇنى كۆكەرتىدىغان سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى «ئىدۇق» يەنى بەخت ئىلاھى — ئۇماي ئىسىملىك بىر پەرى تۇرارمىش.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى D77> دېگەن خەتنىڭ 1 - ھەرپى «ئۇ»، 2 - ھەرپى «م»، 3 - ھەرپى «ي»، بۇ خىل يېزىق ئۆزىنىڭ سىنگارمونىزم قائىدىسى بويىچە ھەرپلەرگە بەزىدە سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ، بەزىدە قوشۇلماي ئوقۇلاتتى. بۇ ھەرپلەر گۇرۇپپىسىنى «ئۇمايا» دەپ ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ. قەدىمكى ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە «ئۇما» دېگەن ئىسىم بەزىدە «ئۇمايا» دەپمۇ يېزىلاتتى. بۇ تىل ماتېرىياللىرى بىزگە «ئۇما» بىلەن «ئۇماي»نىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

تۈرك رىۋايەتلىرىدە ئۇماينى سۇ مەنبەسى بار جايدا، دەيدۇ. جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە شى ۋاڭمۇ قۇرۇم تاغلىرىدىكى

يورۇق كۆل (瑶池) دە، دەيدۇ. ھىندىستان رىۋايەتلىرىدە ئۇما ھىمالايا (مەنىسى قارلىق دالا) دا دەيدۇ. دېمەك، بۇ ئۈچ خىل تىلدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت يەنىلا بىر ـ بىرى بىلەن مەنا جەھەتتىن ئوخشايدۇ، يەنى سۇ مەنبەسى بار جايدا دەيدۇ.

XI ئەسىردە يېزىلغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتت تۈرك» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە «ئۇماي» دېگەن سۆزگە «ئانا» دەپ تەبىر بېرىلگەن. ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىدىمۇ ئۇما رىۋايىتىدىن قېپقالغان «شىۋا» دېگەن ئىسىمدىن پايدىلىنىپ ياسالغان قىزىقارلىق ھەم مەنىلىك ئوخشىتىشلار بار. مەسىلەن، «شىۋا قەدرى كېلىپتۇ»... دېگەندەك.

## قۇرۇم تېغى

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە: «قۇرۇم تېغى (昆仑丘) دا شى ۋاڭمۇنىڭ دۆلىتى (ياكى ئوغۇزى) بار» دېيىلگەن.

«قۇرۇم تاغ» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە، يەنى يى جىڭ (义净) يازغان «جەنۇبىي ئوكيانىدىن

ئېلىپ كېلىنگەن بۇددا تۈزۈملىرى (قانۇنى) بايانى» (南海寄归内法传) نىڭ 1 - جىلدى، قۇيلان (慧林) يازغان «بارچە نوملار ئىزاھى» (一切经义) نىڭ 81 - جىلدى، «تاڭنامە. جەنۇبتىكى ياۋايى مىللەتلەر بايانى» (唐书•南蛮列传)، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى، چەت ئەللەر بايانى» (宋史•外国列传) قاتارلىقلاردىكى بايانلاردا ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇم دۆلەتلىرى، دەپ ئاتالغان. «شېنيىجىڭ. جۇڭخۇاڭجىڭ» (神异经•中荒经) دا تېخىمۇ ئېنىق بايان قىلىنىپ: «... قۇرۇم تېغى كۆككە تاقىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى، دەپ ئاتىلىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قۇش بار، ئۇنىڭ سول قانىتى دۇڭ ۋاڭگۇڭ، ئوڭ قانىتى شى ۋاڭمۇ...» دېيىلگەن («ئوڭ تەرەپ» قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە جەنۇب، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى). دېمەك قەدىمكى خاتىرىلەردىكى «قۇرۇم» (昆仑) تاغ رايونى ھازىرقى كۇئېنلۇن دەپ ئاتالغان (قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) تاغ دائىرىلىرىدۇر.

دېمەك، شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى دەل مۇشۇ تاغ رايونى تەۋەسىدە پەيدا بولغان. بۇ رىۋايەتتىكى «قاش تاغ» (玉山)، «يورۇق كۆل» (瑶池) دېگەنلەر شى ۋاڭمۇ تۇرغان كونكرېت يۇرتلارنىڭ نامى ئىدى. ھازىر كۆپىنچە مۇتەخەسسىسلەر بۇ جايلارنى شىنجاڭ دائىرىسىدە، دەپ قارىماقتا.

## يۇقىرىدىكى ئۈچ رىۋايەتنىڭ يىل ـ دەۋر سېلىشتۇرمىسى

شى ۋاڭمۇ رىۋايىتى جۇڭگونىڭ جەنگو دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرى III — V ئەسىرلەر) دە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان «جۇمۇۋاڭ» بولسا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى (IX — XI) ئەسىرلەرنىڭ مەلۇم بىر ئەسىرىدىكى خاننىڭ نامى ئىدى.

ئۇما رىۋايىتى قەدىمكى ھىندىستاندا ئەڭ بۇرۇن «خارى نەسەبنامىسى» (河利世系 ،harivaṃśa) دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «شىۋا رىۋايەتلىرى» (śivapurōṇa 湿婆往弃书)، «كۇمارانىڭ دۇنياغا كېلىشى» (鸠摩罗出世 Kumōrambhava)، «رامايانا» (罗摩衍那 rōmōyaṇa)، «راگا نەسەبنامىسى» (罗枯弃系 raghavaṇ śa) قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. «خارى نەسەبنامىسى» ئۇلۇغ تارىخىي قىسسە «ماھاپخاراتا» (mahōbhōrata) نىڭ XIX بابى ئىدى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ ئۇلۇغ تارىخىي قىسسىنى مىلادىدىن ئىلگىرى X ئەسىردە بىخ ئۇرۇپ شەكىللىنىشكە باشلاپ، مىلادىدىن ئىلگىرى IV ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرلەرگىچە

بولغان ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل ئەسەرلەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا رەسمىي تارىخىي رىۋايەت كىتابى بولۇپ يېزىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ جۇڭگودا شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنىڭ خەنزۇچە خاتىرىلەرگە يېزىلىشقا باشلىغان دەۋرى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ.

جۇڭگودا تارىخىي كىتابلار ھامان ئادەمنى ئاساس قىلغان ھالدا يېزىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ يىل - دەۋرى ئېنىق. لېكىن ھىندىستاندا بولسا ئىلاھنى ئاساس قىلىپ يېزىلىپ ياكى ئېيتىلىپ كەلگەن. بەلكى ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن رىۋايەت - چۆچەك بولۇپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالغان، يىل - دەۋرى ئېنىق ئەمەس. ئالىملار ھىندىستاننىڭ تارىخىي دەۋرلىرىنى ئېنىقلاشتا ئاساسەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى ئىنكاسلارغا ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ - تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ چىققانىدى.

ئەمدى جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىگە ئاساسەن، ئۇما رىۋايىتىنىڭ مۇقىم يىل دەۋرىنى بۇ مۇلاھىزە ئارقىلىق مىلادىدىن ئىلگىرى XI ئەسىرلەردە رىۋايەت - چۆچەك شەكلىدە تارقىلىشقا باشلاپ، مىلادىدىن ئىلگىرى V ئەسىرلەردە كىتاب بولۇپ يېزىلغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

قەدىمكى تۈرك رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇماي» دېگەن ئىسىم «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» (Türkischturfantext) نىڭ 7 - تومىدا ۋە «ئالتۇن يارۇق» تا ئۇچرايدۇ. بۇ قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ يىل - دەۋرى تېخى ئېنىق بېكىتىلمىدى. (بەزى مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى مىلادى IX

ئەسىردىن كېيىنكى يادىكارلىقلار، دەپ قاراپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆز قاراش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى مىلادى V ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاللىقاچان سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغانىدى. «ئالتۇن يارۇق» نى بەزى مۇتەخەسسىسلەر IX ئەسىرنىڭ مەھسۇلى، دېسە، بەزىلەر V ئەسىرنىڭ مەھسۇلى دەيدۇ. (ھازىرچە بۇنىڭمۇ يىل - دەۋرى بېكىتىلمىدى.)

بۇنىڭدىن باشقا ئۇماي دېگەن ئىسىم «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا ئۇچرايدۇ. بۇ مەڭگۇ تاش مىلادى 712 — 716 - يىللاردا ئورنىتىلغان، تۇنيۇقۇق ئۆزى بولسا 682 — 734 - يىللاردا ئۈچ نەپەر خاقانغا مەسلىھەتچى بولغان.

«ئۇماي» دېگەن ئىسىمنىڭ قەدىمكى تۈركىي يازما خاتىرىلەردە ئىنكاس قىلىنغان ۋاقتى VIII ئەسىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇماي رىۋايىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەرنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان تاغلارغا چوقۇنىدىغان ئادەت ئۇيغۇرلاردا ئاز دېگەندە 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە (بۇنىڭ مەدەنىي يادىكارلىق ئىسپاتى بار). جۈملىدىن، شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىنىڭ مەزمۇنلىرى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «گۇيلار» (鬼方)، جەنگو دەۋرىدىكى «تۇرالار» (丁令)، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ھونلار» (匈奴) دىن تارتىپ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارغىچە بولغان 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئېغىز ئەدەبىياتى

شەكلى ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن رىۋايەت - چۆچەك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، قەدىمكى ھىندىستان يېزىلمىلىرىدىكى «ئۇما» رىۋايىتىنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىي تىللاردىمۇ كىتاب - ئابىدىلەرگە يېزىلغان.

## شى ۋاڭمۇ رىۋايىتىدىكى ئىلمىي فانتازىيە

شى ۋاڭمۇ رىۋايىتى شەرقىي جىن سۇلالىسى (مىلادى 317 — 420 - يىللار) دەۋرىدە يەنە بىر قېتىم بېيىتىلغان. مەسىلەن، ۋاڭ جيا يازغان «تەرمە - تەرمەچلەر» (拾遗记) دېگەن تارىخىي ئەپسانىلەر توپلىمىدا جۇمۇۋاڭ «سەككىز ئەجدىھا قېتىلغان مەپە» گە ئولتۇرۇپ بارغان، دېيىلگەن. دېمەك، جەنگو دەۋرىدىكى «لېزى. مۇۋاڭ خاتىرىسى»دىكى «سەككىز تۇلپار قېتىلغان مەپە» دېگەن سۆزىدىكى «تۇلپار» بۇنىڭدا «ئەجدىھا» غا ئۆزگەرتىلگەن. «تەرمە - تەرمەچلەر» بۇ رىۋايەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ «مەپىنىڭ چاقى يەر - يۈزىدىكى چاڭ - توزانغا تەگمەي»، «ئۇچار قۇشلار-دىن ھالقىپ ئۆتۈپ»، «ھەر كېچىسى تۈمەن چاقىرىم يول يۈرۈپ»، «بەزى يۇرتلاردىن كۆلەڭگىسى چۈشۈپ بولغۇچە ئۆتۈپ كېتىپ»، «قۇياش نۇرى بىلەن تېزلىك تالىشىپ»، «نۇردىن تېز ئۇچۇپ»، «يەر يۈزىگە ئون كۆلەڭگە قالدۇرۇپ»، «بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ» ... دېگەن تەسۋىرىي سۆزلەرنى قوشقان.

ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىمۇ «ئۇچىدىغان ھارۋا» (vimōna) دەيدىغان بىر خىل ھاۋا قاتنىشى قورالىنىڭ ئىسمى بار.

بۇ رىۋايەتلەر توقۇلغان زامانىنىڭ ئىلىم - پەن سەۋىيىسى بىلەن كۆزەتكەندە، بۇنداق قاتناش قورالى ئىشلىتىلگەن دېسە، ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئاشقان لاپ بولىدۇ. ئۇنداق سۆزلەرنى پۈتۈنلەي ئەينى زاماندىكى مۇنەججىملەر ئويلاپ ئويدۇرۇپ چىققان.

لېكىن ھازىرقى ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان ئايروپىلان، راكېتا، ئالەم كېمىسى بارلىققا كەلگەن زاماندا، بىز ئۇ رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان سۆزلەرنى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىلمىي فانتازىيىسى ئىدى، دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. لېكىن رىۋايەتنى ھەرگىزمۇ پاكىت ئورنىدا قويۇشقا بولمايدۇ.

## خۇلاسە

جۇڭگودا قەدىمدىن تارقىلىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلەردىكى «ۋاڭمۇ» بىلەن ھىندىستاننىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇما» شۇنداقلا بۇ ئىككى مەرىپەتلىك ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئەلچىسى بولغان ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى «ئۇماي» دېگەن ئۈچ ئىسىم فونېتىكا جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ رىۋايەتلەر-

نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەزمۇنلىرىمۇ ئوخشايدۇ. دېمەك، بۇ ئۈچ ئىسىم — رىۋايەتلەردىكى بىرلا ئادەم.

جۇڭگو رىۋايەتلىرىدىكى «ۋاڭمۇ» ھېچقاچان جۇڭگولۇق دېيىلمىگەن. دېمەك، ئۇ جۇڭگوغا غەرب تەرەپتىن تارقىلىپ بارغان رىۋايەت.

غەرب تەرەپتە بۇ رىۋايەتنىڭ پەيدا بولغان ئورنى قۇرۇم تاغ رايونى. بۇ دائىرىدە قەدىمدە ئارىيانلار ياشايتتى. قەدىمكى ھىندىستاندا سانسكرىت تىلىدا يازما ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. سانسكرىت تىلى دەل ئارىيانلارنىڭ تىلى بولۇپ، ئارىيانلار بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا بارغان. قەيەردىن بارغانلىقى توغرىسىدا ھازىر دۇنيادا تېخى يەكۈن چىقىرىلمىدى. لېكىن ئارىيانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان قوۋملار ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق ئالىم گۇمان قىلمايدۇ. دېمەك، بۇ رىۋايەت ئارىيانلار ئارىسىدا توقۇپ چىقىلغان.

قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەتلىرى ھىندى ۋادىسىدىكى ھىندىئانلارغا، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا تارىخىي مىراس بولۇپ قالغان. بۇ رىۋايەت جۇڭگوغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئۇنىڭغا «دۇڭ ۋاڭگۇڭ» (شەرقىي خان ھەزرىتىم) دېگەن ئوبرازلار قاتناشتۇرۇلغان.

بۇ رىۋايەتنى تەتقىق قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تارىختىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەر كۆپ مېڭە سەرپ قىلدى. لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ پاكىتىنى تاپالمىدى. مەنمۇ بۇ تېما ئۈستىدە كۆپ جاپا چەكتىم. باشقىلارغا ئوخشاش

ھەممە رىۋايەت ماتېرىياللىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن خاتا يەكۈن چىقىرىپمۇ قويدۇم (بۇ ماقالىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى ئورىگىنالىدا شۇنداق بولدى). بۇ قېتىم ئۇ خاتا يەكۈننى تۈزىتىشكە تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى مەدەت بەردى: رىۋايەت دېگەن خەلق ئىچىدە توقۇلىدۇ، ئۇ تارىخىي پاكىت ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق ئادەم جۇمۇۋاڭنىڭ «ئەجدىھا قاتقان مەيسى» نىڭ «يەر - يۈزىدىكى چاڭ - توزانغا تەگمەي» ئۇچقان چاقىنىڭ ئىزنى، خۇاڭخې ۋادىسىدىن قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان دائىرىسىدىكى يەر يۈزىدىن مەڭگۈ تاپالمايدۇ!

1982 - يىل 6 - ئاي، بېيجىڭ.

(بۇ ماقالىنىڭ ئورىگىنالى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ توپلامغا كىرگۈز- گەندە قايتىدىن مۇھىم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدۈم.)

# «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» نى تەتقىق قىلىشقا قىزىقۇچىلارغا

جەنگو دەۋرى (يېغىلىق دەۋرى) دىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ قەبرىستانلىقىدىن جىن سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 281 - يىلى) بىر «تارىشا كىتاب» تېپىلغان. بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئالتە باب بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندىكى (جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى) گوپۇ دېگەن ئەدىب رەتلەپ ئىزاھلاپ چىققان.

كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش بابىدا مۇۋاڭ (غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 5 - ئەۋلاد خان، ئىسمى جى مەن، تەڭرىنىڭ ئوغلى، دەپ ئۇلۇغلىنىپ «مۇتيەنزى» دەپ ئاتالغان) نىڭ «ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن غەربكە ساياھەت قىلغانلىقى» توغرىسىدىكى بىر ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەت بايان قىلىندۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە مۇۋاڭنىڭ «سەككىز تۇلپار قوشۇلغان مەپە بىلەن غەربكە ساياھەت قىلىپ، غەربتىكى شى ۋاڭمۇ (مەنىسى غەربتىكى خان ئانىسى) ھوزۇرىدا مېھمان بولغانلىقى» توغرىسىدىكى رىۋايەت ئەڭ مەشھۇردۇر.

بۇ «تەزكىرە» شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە يەنى سۇي، تاڭ، سۇڭ، يۈەن، مىڭ دەۋرلىرىدە غۇلغۇلا قىلىنىپ، بەزىدە تارىخىي كىتاب، دەپ قارىلىپ، بەزىدە ئەپسانە ـ رىۋايەت، دەپ قارىلىپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياۋ جىخېڭ ئىسىملىك بىر ئەدىب بۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنى خەن سۇلالىسىنىڭ «دىپلوماتىيە ئېھتىياجى ۋەجىدىن» ئويدۇرۇپ چىقارغان خۇپىيانە ئەپسانىسى، دەپ يەكۈن چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تارىخىي كىتاب دەپ قارالمىدى.

يېقىنقى زاماندا جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تۆت خىل كىتابلار بايانى» دېگەن مەجمۇئەدە ئۇ قايتىدىن «تارىخىي كىتابلار» تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رىۋايەت توغرىسىدا يەنە قايتىدىن مۇلاھىزە باشلاندى.

جىن سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇ كىتاب ئەلگە تونۇلغان زاماندىلا، شۇ دەۋردىكى شۈن شۇ دېگەن ئەدىب: «مۇۋاڭ ئەينى زاماندا جۇ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت يوسۇنلىرىنى پۈتۈن ئالەمگە كېڭەيتىش ئۈچۈن تۇلپار قوشۇلغان مەپە بىلەن غەربكە يۈرۈشنىڭ يولىنى ئاچقان» دېگەنىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىمۇ مۇلاھىزىلەر بولدى، لېكىن مۇئەييەن خۇلاسە چىقىرىلمىدى.

يېقىنقى زاماندىن بۇيان ۋاڭ گۇۋېي ئەپەندى: «بۇ كىتاب ئەسلىدە جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان» دېدى. لىيۇ

شىپى ئەپەندى: «بۇ كىتابقا ئاساسەن، جۇڭگو بىلەن غەربىي دىيار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ چيەندىن باشلانغان، دېگەن خۇلاسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ بۇرۇنلا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، دېيىشكە بولىدۇ» دېدى. لۇشۈن ئەپەندى: «بۇ رىۋايەت - چۆچەك ئارىلاشقان تارىخىي كىتاب» دېدى. ماۋدۇن ئەپەندى: «ئەينى زاماندا مۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان بىر چوڭ ۋەقە بولغان بولسا كېرەك»، دېدى. بەزى ئەدىبلەر بۇنى جۇڭگودا «رومان» نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى دېيىشتى...

جۇڭگو تارىخىدا پادىشاھ - خانلارنىڭ يىلنامىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 841 - يىلىدىن باشلىنىدۇ. بۇ، تارىختا «بىرلىشىپ ھاكىمىيەت ئورنىتىلغان 1 - يىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ يىل جۇ سۇلالىسىنىڭ لىڭۋاڭ خانىنىڭ 14 - يىلى ئىدى. بۇ خان بىلەن مۇۋاڭخان ئوتتۇرىسىدا يەنە تۆت خان بار، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى تەخمىنەن 50 يىلدىن تەختتە ئولتۇرغان دەپ پەرەز قىلغاندا، مۇۋاڭ دېگەن خان مىلادىدىن ئىلگىرى X ئەسىردە ئۆتكەن كىشى بولىدۇ. دېمەك، مۇۋاڭ شۇ زاماندا «تۇلپار» قوشۇلغان ھەپكە ئولتۇرۇپ غەربكە كەلگەن بولسا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن غەربىي دىيار ئوتتۇرىسىدا بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولماي، بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىلا مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ «تەزكىرە» ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. بۇ تەزكىرىدە «مۇۋاڭ غەربكە ساياھەت قىلىپ شى ۋاڭمۇ ھوزۇرىدا مېھمان بولغان» دېيىلگەنىدى. شۇنداقلا بەزى يۇرت ـ جاي، قەبىلە ناملىرىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى دەۋرلەردە توقۇلغان چۆچەكلەر ئىدى. مەسىلەن، «سەككىز تۇلپارلىق مەپە» دېگەن سۆز «سەككىز ئەجدىھا قوشۇلغان مەپە» گە ئۆزگەرتىلگەن، «شى ۋاڭمۇ يولۋاس چىشلىق ـ يىلپىز قۇيرۇقلۇق» دېيىلگەن سۆزلەر «شى ۋاڭمۇ ئەرشتىن چۈشكەن پەرى ئىلاھ ئىدى» دېيىلگەن. «شى ۋاڭمۇ جۇ مۇۋاڭغا ناخشا ئېيتىپ بەرگەن» دېيىلگەن سۆزلەر «جۇ مۇۋاڭمۇ يىپەك سوۋغا قىلغان، شى ۋاڭمۇ قاشتېشى ۋە 3000 يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدىغان بىرخىل شاپتۇلنى سوۋغا قىلغان» دېيىلگەن... ۋەھالەنكى، ھازىر بۇ «تەزكىرە» ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغۇچىلار دەل كېيىنكى دەۋرلەردە كىشىلەر قايتىدىن توقۇپ چىقىپ بېيىتقان مەزمۇنلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇۋاڭنىڭ غەربكە سەپەر قىلغانلىقىنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا قويۇش لازىملىقىنى ئېيتىشماقتا.

«مۇتيەنزى تەزكىرىسى» نى تەتقىق قىلىشقا قىزىققۇچى زامانىمىزدىكى تارىخشۇناس ۋە ئەدىب ئەپەندىلەرگە مۇنداق بىر چىن سۆزنى ئېيتىش لازىمكى، ئەگەر سىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم شۇنداقلا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىكەنلىكىدىن قورقمىساڭلار، فەدىمكى كىشىلەر

توقۇپ چىققان بۇ خۇيسىيانە رىۋايەت - چۆچەكنى
هازىرقى زاماندا قايتىدىن بېيىتىپ «مۇۋاك بىلەن شى
ۋاڭمۇ تېلېفوندا سۆزلىشەتتى»، «مۇۋاك گاھ ئايروپىلانغا،
گاھ پويىزغا ئولتۇرۇپ غەربكە كېلەتتى»، «بىر - بىرىنى
تېلېۋىزوردا كۆرۈپ تۇراتتى» دەپ يەنە بىرمۇنچە خۇيپىيانە
چۆچەك توقۇپ چىققۇچىلار بار ئوخشايدۇ. ھەر ھالدا «ئەپسانە»
نى تارىخىي چىنلىق ئورنىغا قويۇش ئۇچۇن شۇنچىۋالا
جاپا تارتىپ كەتمەي، ئاز - تولا مېڭە سەرپ قىلىپ ئار-
خېئولوگىيە ئۆگىنىپ راستچىللىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ
بارغىنىڭلار تۈزۈك ئىدى.

1982 - يىل 10 - ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى نۇرىگىنالى «شىنجاڭ گېزىتى» 1982 - يىل
11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانىدا قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىنغان.)

# «مايترسىمىت» ۋە توخرى تىلى

«مايترسىمىت» جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى قول يازمىلار ئىچىدە يىل - دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان كۆپ كۆرۈنۈشلۈك سەھنە ئەسىرى. ئۇ قەدىمكى توخرى تىلىدا ئىجاد قىلىنىپ، تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1903 - يىلى گېرمانىيىلىك گرونۋېدىل ۋە لېكوكلار شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۇرپاندىن «مايترسىمىت» نىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى، قاراشەھەردىن قەدىمكى براھمى يېزىقىنىڭ گۇپتا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان قىياپاش ھەرپلىرىدە يېزىلغان نۇسخىسىنى قىدىرىپ تېپىپ ئېلىپ كەتكەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىكى قاراشەھەردىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ تىلىنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلەلمەي ۋاقىتنچە «نامى تونۇلمىغان مىللەت تىلى I» دەپ ئاتاپ نومۇر قويۇپ تۇرغان.

1907 - يىلى مۇللېر ئەپەندى تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن قەدىمكى سوغدى ھەرپى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە قول يازمىلاردىكى «... ئاگنىدىش ئۇلۇستا تۇغمىش ئاريا-

چانتىرى بودسۇت كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنىڭ توخرى تىلىنچە ياراتمىش، پرتانىراكشت كرانۋازك تۈرك تىلىنچە ئەۋرمىش مايترسىمت نوم بىتىك» (مەنىسى قارا شەھەر ئە-لىدە تۇغۇلغان بۇددىزم ئۇستازلىرىدىن ئارياچانتىرى ھىن-دىستان تىلىدىكىگە ئاساسەن توخرى تىلىدا ئىجاد قىلغان، پرتانىراكشت، كرانۋازكلار تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان مايترسىمت كالامى) دېيىلگەن بايانلارغا ئاساسەن، بۇ تىل-نىڭ «توخرى تىلى» دەپ ئاتىلىشى لازىملىقىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.

40 - يىللاردا فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستان-نىڭ شىمالىدىكى شۇەنجۇاڭ «توخرى دۆلىتى» دەپ ئاتىغان رايوندىن قەدىمكى گرېك ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان توخ-رى ئابىدىلىرىنى تاپقان. بۇ يېڭى ۋەقەدىن كېيىن دۇنيا-نىڭ تەتقىقات سەھنىسىدە بۇ تىلنى (قاراشەھەردىن تېپىل-غان ئەسەرنىڭ تىلىنى) زادى نېمە دەپ ئاتاش مەسىلىسى توغرىسىدا قايتىدىن جىددىي مۇنازىرە باشلاندى. بەزىلەر ئافغانىستاندىن تېپىلغاننى «توخرى تىلى»، قاراشەھەردىن تېپىلغاننى «قاراشەھەر تىلى» دەپ ئاتاش كېرەك، دېگەن بولسىمۇ، كۆپىنچە ئالىملار تۈركچە قول يازمىلاردىكى بايان-غا ھۆرمەت قىلىپ ھەر ئىككىلىسىنى توخرى تىلى، دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە.

توخرى تىلى ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ گىنتوم گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان قەدىمكى تىل، دېگەن يە-كۈن ھازىر ئومۇملىشىپ قالدى. بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەر-لەردە تۈركچە سۆزلەر ۋە بەزىدە خەنزۇچە سۆزلەر ئۇچراپ

تۇرىدۇ. بۇ تىل ماتېرىياللىرى توخرى
ۋە باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت
ئەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر ئالىملار توخرى يېزىقىنى مىلادىنىڭ V — VIII ئەسىرلىرىدىكى يادىكارلىقتۇر، دەپ قارىماقتا.

قەدىمكى توخرى مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مىلادىدىن ئىلگىرى III — II ئەسىرلەردە دۇڭخۇاڭ رايونىنى ئاۋات قىلغان توخرىلار (大月氏) لارغا تاقىلىدۇ. ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىرى 176 - يىلى ئىلى ۋادىسىدىكى ساكلار رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىلگىرى 139 - يىلى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇ رايوندىن ئامۇر دەريا ۋادىسىدىكى باكترىيە (ھازىرقى ئافغانىستان دائىرىسىدە) گە كۆچكەن. يەنە بىر قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاز قىسمى ئىلى ۋادىسىدا قېلىپ ئۇيسۇنلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.

باكترىيە ئەزەلدىنلا ھىندى، پارس، گرېك مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى ئىدى. توخرىلار بۇ رايونغا بارغاندىن كېيىن، شەرق مەدەنىيىتىنىمۇ بىللە ئېلىپ باردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ كۇشان سۇلالىسىنى قۇردى. مىلادى II ئەسىردە كۇشان سۇلالىسى كېڭىيىپ خارىزم، پىشاۋۇر ۋە ھىندىستاننىڭ كۆپىنچە رايونلىرىنى ئۆز دائىرىسىگە ئالغان كانىشكا خانلىقىنى قۇردى. دۇنياغا مەشھۇر «قەدىھار سەنئىتى» (گرېك ۋە رۇمچە سەنئەت شەكلى بىلەن ھىندى بۇددىزمى مەزمۇنلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغان ھەي-

كەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت شەكلى) دەل شۇ دەۋردە، شۇ رايوندا بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدا شىنجاڭدىن كۆچۈپ بارغان توخرىلارنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مىلادىدىن ئىلگىرى 2 - يىلى بۇددا دىنىنى تۇنجى قېتىم ئېغىز ئارقىلىق جۇڭگوغا سۆزلەپ تونۇشتۇرغان كىشى دەل توخرىلار ئىچىدىكى بىر بۇددىست ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇددىزمنىڭ جوڭگوغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان، پېرسىيە قاتارلىق قەدىمكى مەرىپەتلىك ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۆگىنىش، دوستانە باردى - كەلدى قىلىش مۇناسىۋەتلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ جەھەتتە شىنجاڭدىن كۆچۈپ بارغان توخرىلار باشتىن - ئاخىر ئەلچىلىك رول ئوينىدى.

× ×

ھازىر دۇنيادا «مايترسىمت» نىڭ تۆت خىل قول يازما نۇسخىسى بار. بۇنىڭ ئىككىسى (توخرىچە قاراشەھەر شورچۇق نۇسخىسى بىلەن تۈركچە تۇرپان سىڭگىم نۇسخىسى) گېرمانىيىدە؛ قالغان ئىككىسى (1959 - يىلى قۇمۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان تۈركچە نۇسخىسى ۋە 1965 - يىلى قاراشەھەر شىكشىندىن تېپىلغان توخرىچە نۇسخىسى) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

توخرىچە شورچۇق نۇسخىسىنى گېرمانىيىلىك ئې. سىېك، ۋ. سىېكلىڭلار تەتقىق قىلدى. تۈركچە سىڭگىم نۇسخىسىنى

گېرمانىيىلىك ئا. فون. گابايىن، تۈركىيىلىك سىناسى تېكىن-لەر تەتقىق قىلدى. تۈركچە تۇمۇرتى نۇسخىسىنى 60 - يىل-لاردا فېڭ جاشېڭ ئەپەندى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ كېيىنكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن لى جىڭۋېي ئەپەندى ۋە ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجىلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلدى. گېڭ شىمىن ئەپەندىمۇ تەتقىق قىلىنغان ماتېرىيال-لاردىن پايدىلىنىپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلار 80 - يىللاردىن كېيىن ياخشى داۋاملىشىۋاتىدۇ.

توخرىچە شىكشىن نۇسخىسىنى مەشھۇر ھىندى - ياۋروپا-شۇناس ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندى 1982 - يىلىدىن باش-لاپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان «مايترىسىمت» نىڭ تۆت خىل قول يازما نۇسخىسىنىڭ ھېچقايسىسى تولۇق ئەمەس. لېكىن ئۇ-لار بىر - بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلاپ 27 كۆرۈنۈشلۈك (بەزى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى يەنىلا تولۇق ئەمەس) يىرىك سەھنە ئەسىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تۈركچە نۇسخىلاردىكى «مايترىسىمت» دېگەن سۆز توخرىچە نۇسخىلاردا «مايترېيا سامىدى» دەپ يېزىلىدۇ. ئۇ «مايترېيا» (ئادەم ئىسمى، مەنىسى رەھىمدىللىك) بىلەن «سامىدى» (مەنىسى كۆرۈشۈش ياكى كۆرۈشكەنلىكى) دېگەن سۆزلەر-دىن ياسالغان قوشما سۆز بولۇپ. «مايترېيانىڭ (ساكيامۇنى بۇددا بىلەن) كۆرۈشۈشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇددىزم تەلىماتلىرىدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە. بۇددا (مە-

نىسى ئەقىل تاپقان كىشى، ئاقىل، يەنى ساكيامۇنى) نىر-
ۋان (بۇددىزمچىلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئەڭ يۇكسەك مەنىۋى
مەنزىل، يەنى بۇددىزم يولىدىكى ئۆلۈم) غا كىتىش ۋاقتىدا
قىلغان ۋەسىيىتىدە مايترېينىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلى-
قىنى مۇنەججىملىك بىلەن ئېيتقانىمىش.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تارىم ۋادىسىدىكى
كۇچار، قاراشەھەر قاتارلىق قەدىمكى يۇرتلاردا ياشىغان
كىشىلەر مايترېيغا چوقۇنغان. بۇ، شۇ جايلاردىكى مىڭئۆي
رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. شۇ رايوندىن تېپىلغان «مايتر-
سىمىت» بۇنى يازما بايانلار بىلەن ئىسپاتلىدى. «مايترسىمىت»
دراممىسى سەككىز ياشلىق مايترېينىڭ ئۇستازى بىتادارى
براھمانىنىڭ چۈشىدە «ۋايشراۋانا» ناملىق ئىلاھلار بىلەن
سۆھبەت قىلىشىپ، ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى
باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل-
پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلى-
كى ئۈچۈن مايترېينى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ
ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ.

قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەر-
يانى ۋە بۇ توغرۇلۇق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ-غا-
رايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر
تەسۋىرلىنىدۇ.

× ×

بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا شىنجاڭدا دراما
ئوينىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ مىلادى VII ئەسىرلەرگە كەل-

گەندە تازا ئەۋجىگە يەتكەن. «مايترسىمت» ئەنە شۇ زامانـ
لاردا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالغان مەشھۇر دراممىلارنىڭ
تىپىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇ دۇنيانىڭ دراما تارىخىدا بىر
چوڭ نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى،
«مايترسىمت» نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيـ
دا ساقلىنىۋاتقان ئىككى خىل قول يازمىسى (توخرىچە
شىكشىن نۇسخىسى ۋە تۈركچە تۇمۇرتى نۇسخىسى) گېرمانـ
يىدە ساقلىنىۋاتقان قالغان ئىككى نۇسخىسىغا قارىغاندا
خېلى كۆپ تولۇق. جۈملىدىن تەتقىقات قىممىتى تېخىمۇ
يۇقىرى.
تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، توخرىلار «ئۆرپـ
ئادەتلىرى ھونلار بىلەن ئوخشاش» مىللەت ئىدى. ئۇلار
دۇڭخۇاڭ رايونىدا ياشاۋاتقاندا ھون ھاكىمىيىتىگە قارايتتى.
شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇـ
لار باكتىرىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ بىر نەچچە ئەسىر ئۆتـ
كەندىن كېيىن، يەنى V ئەسىردە يەپتاللار (ئاق ھونلار)
نىڭ ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدە، VI ئەسىردە غەربىي تۈركلەرـ
نىڭ ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدە بولدى. مۇشۇنداق تارىخىي
جەريانلاردىن كېيىن، مىلادى VIII ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى كۆپىنچە رايونلاردا ياشىغان كىشىلەر توخرى
تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان تىل
ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن «توخرى» دېـ
گەن مىللەت نامى تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغـ
دى، ساك تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە

پۈتۈنلەي «تۈرك» دېگەن قەدىمكى مىللەت نامىنىڭ دائىرىسىگە سىڭىشىپ كېتىپ، تۈرك تىلىنىڭ بېيىتىلىش مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

«مايتىرسىمىت» نى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، تارىخىي جۇغراپىيىسى، تۇرمۇش ئەھۋالى، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ نەزەرىيە - كۆز قاراشلىرى، مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ يازما ئىزاھلىرى، دراما ئىجادىيىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە تەرەققىياتى جەھەتلەردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

1982 - يىل 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كىيىنكىلىرىدىكى يىزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. ئورنى ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپ 17 كىلومېتر① يىراقلىقتا تۇرىدۇ.

بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى تۇرغان جاي ھازىر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ئۇ، مۇشۇ بىيايان قۇملۇقتا يىراق - يىراقلاردىن ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئاقسىپىل» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى خارابىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى. 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئۇ سۇڭ سۇلالىسى (مىلادى 960 — 1279 - يىللار) دەۋرىدىكى قەدىمكى

شەھەر خارابىسى، دەپ بېكىتىلگەن ②. 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگودىكى مەشھۇر سەيلىگاھلار لۇغىتى»دا تاڭ - سۇڭ سۇلالىلىرى (مىلادى 618 — 1279 - يىللار) دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسى، دەپ ئۆزگەرتىلىپ يىل - دەۋرى جەھەتتىكى بوشلۇق سەل - پەل كېڭەيتىلگەن ③. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ قايسى دەۋردە، كىملەرنىڭ ئەمگىكى بىلەن بىنا قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ نامى ئەينى زامانلاردا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئارخېئولوگلار، تارىخشۇناسلار ئىچىدە ھازىرغا قەدەر مۇئەييەن يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق. بۇ شەھەر خارابىسى توغرىسىدا تېخى رەسمىي ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغىنىمۇ يوق.

مەزكۇر ماقالە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تېخى يەكۈن چىقىرىلمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ، پەقەت ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ قايسى دەۋردە بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىلا پاكىت كۆرسىتىدۇ.

× ×

1979 - يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى يۈچۈن ئاقسېپىلغا بارغاندا 106 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل تېمى قۇمدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت مېترچە ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى يەتتە - سەككىز مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە تام بوران زەربىسىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ ئۇنىڭ كېسەك-

لىرى پارچە - پارچە بولۇپ يەردە چېچىلىپ ياتقانىكەن. شۇ ۋاقىتتا پارچە كېسەكلەرنىڭ بىر يۈزىدە قەدىمكى كىشىلەر جىجىلاپ يازغان «يېزىق»لارنىڭ بارلىقى سېزىلگەن. بۇ چۆلدە ئۇزۇنراق تۇرۇپ ئىشلەش شارائىتى بولمىغاچقا، ئۇ كۆزىگە چېلىققان ئون نەچچە پارچە سۇنۇق كېسەكتىكى «يېزىق»لارنى فوتوغا ئېلىپلا قايتىپ كەلگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ تېپىلغان كېسەكلەردە «يېزىق» بارلىقى ئارخېئولوگلارنىڭ، بولۇپمۇ يېزىقشۇناسلارنىڭ جىددىي دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بەزى كىشىلەر شۇ چاغدا فوتوغا ئېلىنغان «يېزىق» لارنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بەزىلەر بۇ «يېزىق» لارنى «خوتەندىن ئۇرقۇن يېزىقى تېپىلدى» دەپ ئىلمىي ساھەلەرگە ئالدىراپ خەۋەر يەتكۈزدى. لېكىن ھازىرغا قەدەر ھېچكىم بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ چىقارغان يەكۈنلىرىنى ئېلان قىلمىدى.

مەن 1983 - يىل 2 - ئايدا ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى «يېزىق» ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ يەنە بىر مۇئاۋىن باشلىقى سابىت ئەخمەت، كەسپىي خادىملاردىن ئەخمەت رىشىت، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىنىڭ مەسئۇلى رەجەپ يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەر 1980 - يىلى ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىگە بېرىپ، سېپىلنىڭ كېسەكلىرىدىكى «يېزىق» لار ئۈستىدە ئىككىنچى قېتىم (لى يۈچۈندىن كېيىن) ئەتراپلىق تەكشۈ-

رۇش ئېلىپ بارغان چاغدىكى خاتىرە ۋە فوتو رەسىملەرنىمۇ كۆردۇم.

ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئالدىنقى قېتىمدىكىسىدىن بىرقەدەر مەخسۇسراق ۋە تەپسىلىيرەك بولغان. ئۇ چاغدا يەنى ئارىدىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ قۇملۇقتا ئاران 75 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمكى شەھەر سېپىلى ساقلىنىپ قالغان، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي كۆچمە قۇم بارخانلىرىنىڭ تېگىدە قالغانىكەن ④. بۇ قېتىم تەكشۈرگەندە، بوراندا يىقىلىپ كەتكەن تام پارچىلىرى، چېچىلىپ ياتقان سۇنۇق كېسەكلەر ئالدىنقى قېتىمدىكىدىن كۆپىيىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ «يېزىق» ماتېرىيالى توپلانغان.

ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىلىگە تىزىلغان كېسەكلەردىكى «يېزىق» ماتېرىياللىرى توغرىسىدا سابىت ئەخمەتنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن بىرنەچچە بەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاقسېپىلنىڭ كېسەكلىرى بىر خىل ئۆلچەمدە ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 32 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سۇنۇق كېسەكلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر يۈزىدە يېزىق بار. بۇنداق يېزىقلارنىڭ كېسەك يۈزىگە قول بىلەن ياكى تاياق بىلەن جىجىلاپ يېزىلغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. سېپىلنىڭ يەنە بىر يېرىدىكى شامال يالاپ يىقىتىۋېتىشقا ئازلا قالغان بىر پارچە تامنىڭ تېگى-

دىن قارىسا تىزىلغان كېسەكلەرنىڭ تېگىدە يېزىق بارلىقى كۆرۈنىدۇ. دېمەك، كېسەكلەرنىڭ يېزىق بار يۈزى ئەسلىدە دۈم قىلىپ تىزىلغانىكەن.

ئاقسېپىل كېسەكلىرىدىكى يېزىق ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ ـ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنىدە، ئالدى بىلەن 30 پارچىدىن ئارتۇق يېزىق ماتېرىياللىرى (فوتو سۈرەتلەر) نى تەكرار ـ تەكرار سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان 17 ھەرپ بارلىقىنى ئېنىقلىدىم. ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنى دۇنيادا ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمكى يېزىق تۈرلىرى (خەلقئارادا ئوچۇق ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلۈم ئىزلەپ تېپىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان قەدىمكى يېزىق تۈرلىرى) گە سېلىشتۇردۇم. تەكرار ـ تەكرار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 17 ھەرپنىڭ ئىچىدە 15 ى قەدىمكى كاروشتى يېزىقى ھەرپلىرى، ئىككىسى قەدىمكى براھمى يېزىقى ھەرپلىرى ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

ئاقسېپىل يېزىقلىرىنىڭ بەزىلىرىنى يېرىم ئايلاندۇرۇپ (ئۆرە تەرىپىنى تۆۋەن قىلىپ) قارىسا، ئۇ قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئۇرقۇن، يېنسەي شەكىللىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. يەنە بەزىلىرى كىشىنى «شەكلى ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىلگەن ئۇرقۇن ـ يېنسەي يېزىقى ھەرپلىرى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇلار ھەقىقەتەنمۇ بىر قەدەر قەدىمي بولغان كاروشتى ۋە براھمى ھەرپلىرى ئىدى. ئەپسۇسكى، يىقىلغان سېپىل كېسەكلىرى سۇنۇپ، ھەر تەرەپ-

كە چېچىلىپ كەتكەچكە، يېزىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى، يەنى ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇ سۆز ۋە جۈملە بولۇپ شەكىللىنىش تەرتىپىنى ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىدى. ھەتتا ھەرپلەرنىڭ قايسى ئۆرە تەرىپى، قايسى تۆۋەن تەرىپى ئىكەنلىكىنىمۇ رەتلىگۈچى كىشىنىڭ ئېنىقلاپ چىقىشىغا توغرا كەلدى. ئۇ يېزىقلار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغاندا، نەق مەيداندىمۇ ئېنىقلانمىغان، يەردە قانداق چېچىلىپ ياتقان بولسا، شۇ پېتى فوتوغا ئېلىنغانىكەن.

ھەرپلەرنىڭ سېلىشتۇرۇلۇشى تۆۋەندىكىچە: (81 - بەتتىكى سېلىشتۇرمىغا قاراڭ!) (ئاقسېپىل كېسەكلىرىدىكى يېزىقلاردا كۆرۈلىدىغان ... بەلگىسي ھەرپلەرنىڭ كەمتۈك يېرى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ).

سېلىشتۇرمىدا كۆرسىتىلگەن كاروشتى يېزىقى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ماۋۇرىيا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرى 322 — 185 - يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكىللىرى ئىدى⑤. سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئاقسېپىل يېزىقلىرى كاروشتى يېزىقىنىڭ باشقا دەۋرلەردە قوللىنىلغان ھەر خىل شەكىللىرىگە ئوخشىماي، دەل مۇشۇ خانلىق دەۋرىدە قوللىنىلغان شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ چىقتى.

سېلىشتۇرمىدىكى براھمى يېزىقىمۇ ماۋۇرىيا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلى ئىدى⑥. ئاقسېپىل يېزىقلىرى ئىچىدە ئىككى ھەرپ براھمى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىگە ئوخشايدۇ. جۈملىدىن، ئاقسېپىلدىن تېپىلغان ھەر ئىككى خىل يېزىقنىڭ يىل - دەۋرى ئوخشاش، يەنى ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى II — III ئەسىرلەرگە مەنسۇپ.



سىلىشتۇرمىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقى مىلادى VIII — IX ئەسىرلەردە ئورقۇن، يېنسەي ۋادىلىرىدا قوللىنىلغان يېزىق شەكىللىرى ئىدى⑦. ئاقسىپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزىلىرى يېقىن كېلىدۇ، بەزى ھەرپلەرنىڭ يېرىمى ئوخشايدۇ، يېرىمى ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرسا، بۇنىڭ تۈرك يېزىقى ئەمەسلىكىنى بايقاش مۇمكىن.

بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، كاروشتى يېزىقى بىلەن تۈرك يېزىقى ئوخشاشلا قەدىمكى ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان يېزىقلار بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئىسلاھ قىلىنغان، قوللىنىلغان دەۋرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇشىدەك بىرلا پەرق بار. بۇ ئىككى خىل يېزىق توغرىسىدا مەيلى يېزىقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلسۇن، ياكى تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلسۇن، تۈرك يېزىقى كاروشتى يېزىقىغا ئوخشايدۇ، ئەينى زاماندا بۇ رايوندىمۇ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ھونلارنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي رىۋايەت بار. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۈرك يېزىقى كاروشتى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى يەكۈن ۋە پەرەزلەرنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق ئۈچ تارىخىي رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتلەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۇددا راھىبى شۈەنجۇاڭنىڭ

«ئۇلۇغ تاڭدىن غەربكە سەپەر» (大唐西域记) دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنىدۇ:

1 - رىۋايەت:

... ئاسوكاخان غەزەپلىنىدۇ، ۋەزىرىنى بۇيرۇپ (شاھزادىنى) سۈرگۈن قىلغۇزىدۇ. (شاھزادە) قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتىدۇ. چۆللەردە، جىرالاردا قونىدۇ. (مىڭىپ - مىڭىپ ئاخىر) ئادەم ۋە مۈلۈكلىرى بىلەن بىللە بۇ ماكانىنىڭ غەربىدىكى قىرغاققا كېلىدۇ. تۆرىلەرنى تىكلەيدۇ، ئۆزى خان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئەل شاھزادىسى قاچاقلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن شەرقتىكى قىرغاققا كېلىپ ماكانلىشىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنۈپ ئۆزىنى خان، دەپ جاكارلايدۇ. ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ. ئۇلار دىن ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە چىقىشالمايدۇ. يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان پەيتلەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. جەددى - جەمەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشىدۇ، خوجايىنلىق تالىشىدۇ، گەپ - سۆزلىرىگە تەگىشىدۇ. قورال تەڭلىمەكچى بولۇشىدۇ... سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە جەڭ بولىدۇ. غەرب خانى يېڭىلىپ قالىدۇ. شەرق خانى غەلىبە قىلىدۇ، ئېلىدىن مەھرۇم بولغانلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلايدۇ، ئادەملىرى كۆپىيىدۇ، پايتەختنى ئوتتۇرا رايونغا كۆچۈرىدۇ، سېپىل بىنا قىلىدۇ، دۆلەت قۇرۇلىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ پايتەخت قىلىپ تۇرغىنى دەل شۇ شەھەردۇر...⑧

بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن رايونىدا ئەڭ بۇرۇن سوقۇلغان سېپىلنىڭ دەۋرى قەدىمكى ھىندىستان

تارىخىدىكى ئاسوكاخان دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاسوكاخان ماۋۇرىيا خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر خانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 273 — 232 - يىللار ئىدى. بۇ تارىخىي رىۋايەت ئاقسېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ سېلىشتۇرما يېزىقشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن ئېنىقلاپ چىقىلغان يىل دەۋرىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى دەۋر چېكىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دېمەك، خوتەن رايونىدا مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېپىل سوقۇلۇپ شەھەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان.

2 - رىۋايەت:

... (خاننىڭ) ئوغلى بولمىغانلىقتىن، نەسەبى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ۋايشراۋانا تەگرى دەرگاھىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئىلاھ ئوبرازىنىڭ پېشانىسىدىن بىر ئوغلان ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئۇنى مەپىگە سېلىپ ئېلىپ كېلىشىدۇ، دۆلەت خەلقى تەبرىكلەيدۇ. ئوغلان ئەمچەككە كۆنمىگەنلىكتىن، يەنە ئىلاھ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆمۈر تىلەيدۇ. ئىلاھنىڭ ئالدىدىكى زېمىندىن بىر ئەمچەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئوغلان ئۇنى ئېمىپ ئەي بولىدۇ، ئەلدە تەڭدىشى يوق باتۇر بولۇپ يېتىلىدۇ... شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەلدە خانلىق نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ... (بۇ دۆلەتنىڭ مەشھۇر خانى) زېمىندىن ئۈنۈپ چىققان ئەمچەكتىن ئوغۇز (سۈت) نى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەلنىڭ نامى كهوستان دەپ ئاتالغان[9]...

بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن رايونىدا سېپىل سوقۇلۇپ، شەھەر بىنا قىلىنىپ، دۆلەت قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ نامىنىڭ نېمىدەپ ئاتالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «كھو» دېگەن سۆز قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ تىلىدا ئۇغۇز (بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئېغىزلاندۇرۇپ ئېمىتىلگەن سۈت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ستان» دېگەن سۆز ماكان، يۇرت، ئەل، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ دۆلەتنىڭ نامى «ئۇغۇز ماكانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام كېيىنكى دەۋرلەردە جانلىق تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ «س» تاشلىنىپ «كھوتان»، «ك» تاشلىنىپ ھوتان، «ا» بىر دەرىجە ئاجىزلىشىپ ھوتەن ياكى خوتەن، دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ نام ھازىرمۇ داۋاملىق قوللىنىلماقتا.

3 - رىۋايەت:

... بۇرۇنقى زاماندا، ھونلاردىن 100 مىڭلىغان ئادەم كېلىپ، ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى تالاڭ قىلىدۇ. ئۇلار چاشقان دۆڭىنىڭ يېنىدا يەر ئاچىدۇ. كھوتان خانى ئون مىڭلىغان ئەسكىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ تەڭ كېلەلمەي ۋەسۋەسىگە قالىدۇ... ھونلار مەپىلىرىنى قوشۇپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلىمەكچى بولۇشىدۇ. لېكىن ئېگەر، ساۋۇت، ئوقيا، مەپىلىرىنىڭ زەي - يىپلىرىنى چاشقانلار ئاللىقاچان قىيىپ تاشلىغانىدى...[10]

بۇ تارىخىي رىۋايەت بىزگە خوتەن دۆلىتى تەۋەسىدە ھونلارنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ.

بۇ رىۋايەتتە خوتەنگە بارغان ھونلار «100 مىڭلىغان» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەنگەن. قەدىمكى كىتابلاردا تارىخ كۆپ ھاللاردا رىۋايەت شەكلى بىلەن بايان قىلىناتتى. دېمەك، ھەقىقىي ۋەقەلەر رىۋايەت شەكلى بىلەن بايان قىلىنغاندا، بەزى بىھۇدە مۇبالىغىلەردىن خالىي بولالمىغان، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن زامانىمىزدا ئۇنى ئارخېئولوگىيە يولى بىلەن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاقسېپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسى تېخى رەسمىي ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىدى. بۇ جەھەتتە قولىمىزدا ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى يوق.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە خوتەن دۆلىتىدە قانچىلىك نوپۇس بارلىقى، ئۇنىڭ مىللەت تەركىبى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا مۇنداق بىر سانلىق مەلۇمات بار:

«خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» نىڭ «خوتەن» بابىدا ئائىلە سانى 3300، نوپۇسى 19 مىڭ 300، ئەسكىرى 2400، دېيىلگەن. ياپونىيىلىك يۈشى لياۋدى يازغان «غەربىي دىيار بۇددىزمى» دېگەن كىتابتا خوتەندە دۆلەت قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى نوپۇس سانى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، «تارىخىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە غەربتىن كەلگەنلەر 7000، شەرقتىن كەلگەنلەر ئۇنىڭدىن ئىدى» دېيىلگەن⑪.

تارىخىي رىۋايەتلەردىن شۇنداق بىر مەلۇمات ئېنىقكى، خوتەندە دۆلەت قۇرۇلغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا خوتەن نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىي تىلدا سۆزلە-

شىدىغان خەلق (خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ھونلارنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىبارىلەر بىلەن قەيت قىلىنغان) ئىدى.

تارىخىي كىتابلاردا ھونلارنىڭ يېزىق قوللانغان ـ قوللانمىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بايان يوق، لېكىن ھون خانلىرى بىلەن باشقا خانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەكتۇپلار ئەۋەتىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، شۇ مەكتۇپلارنىڭ قانداق يېزىقتا يېزىلغانلىقى ھازىر بىزگە نامەلۇم. ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرلەرگە مەنسۇپ كاروشتى يېزىقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ماددىي پاكىت بىلەن ئەينى زاماندا خوتەن دۆلىتىنىڭ تەۋەسىدىكى يەرلىك نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىكەنلىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى «ئۇرقۇن ـ يېنسەي يېزىقى» نىڭ كاروشتى يېزىقى بىلەن بىر يېزىق سىستېمىسىدىكى يېزىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئەينى زامانلاردا خوتەن رايونىدا كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان تۈركىي خەلقلەر كاروشتى يېزىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە تەدرىجىي ھالدا شۇ خىل يېزىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن يېزىق ئىجاد قىلىش شارائىتىنى ھازىرلىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ ماقالىدە پەقەت ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىندى. مۇلا-

ھىزە ئارقىلىق ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرى مىلادىدىن ئىلگىرى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىنا قىلىنغان، دېگەن يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنداقلا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى «ئۇرقۇن - يېنسەي يېزىقى» دەپ ئاتالغان يېزىقى ئەينى زاماندىكى خوتەن كاروشتى يېزىقى شەكلى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن ھازىر «ئاقسېپىل» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەينى زامانلاردىكى نامى نېمە؟ ئۇ قەدىمكى خوتەن دۆلىتىنىڭ پايتەختىمۇ؟... دېگەنگە ئوخشاش يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى يېتىشمەيدۇ. شۇنداقلا، يەنە تارىخىي رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «غەربىي قىرغاق»، «شەرقىي قىرغاق»، «شەرق خانى»، «ئوتتۇرا رايون» دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي جۇغراپىيە تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدىغان بىر مۇنچە ئاتالغۇلار بار. بۇلار مەزكۇر ماقالىنىڭ ۋەزىپىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىمۇ مۇلاھىزە قىلىنمىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ مۇلاھىزە تېخى ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنى رەسمىي، ئەتراپلىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلگەن مول ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان مۇلاھىزىمۇ ئەمەس، پەقەت بوران زەربىسىدە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل تاملىرىنىڭ سۇنۇق كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت رەت - تەرتىپى بۇزۇلغان ئەھۋالدىكى يېزىقلار ئۈس-

تىندىلا ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما يېزىقشۇناسلىق مۇلاھىزىسى.

ماتېرىيال مۇكەممەل بولمىغاچقا يېزىقلارنىڭ مەزمۇ-
نى بىلەن تونۇشقىلى بولمىدى، بۇ خىزمەتلەر كەلگۈسىدە
ئىشلەنگۈسى. ۋەھالەنكى، بۇ ماقالىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە
ھەل قىلىنماي يىپ ئۇچى كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەر يەنىلا
كەلگۈسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - تەكشۈرۈش ۋە
تەتقىقاتنىڭ تەستىقلىشىنى كۈتىدۇ.

1983 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① ② «شىنجاڭ گېزىتى» 1957 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈ-
نىدىكى سانى (خەنزۇچە) غا قاراڭ. ئۇنىڭدا ئاقسېپىل قەدىمكى شە-
ھىرى خارابىسى ئۇچ ناھىيىسىدىن غەربىي شىمال تەرەپ 40 كىلو-
مېتر يىراقلىقتا، دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان.

③ «中国名胜词典» 1981 - يىلى شاڭخەي نەشرى 1102 -
بەتكە قاراڭ.

④ مۇشۇ ئەسەرنىڭ بېشىدا ستېيىن، 50 - يىللاردا خۇاڭ
ۋېنبى ئەپەندى بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، 100
مېتردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل تېمى ساقلىنىپ قالغانىدى.
1979 - يىلى لى يۈچۈن بارغاندىمۇ سېپىل تېمىنىڭ قۇمغا كۆمۈلمەي
ساقلىنىپ قالغان قىسمى 106 مېتر ئۇزۇنلۇقتا ئىدى. 1980 - يىلى تەك-
شۈرگەندە ئاران 75 مېتر قالغان، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي قۇمنىڭ تېگى-
دە كۆمۈلۈپ قالغان. دېمەك، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە تەكلىماكاننىڭ

بوستانلىقلارغا كېچىمىشى ناھايىتى شىددەتلىك بولغان.

⑤ «Indian ptrotogy ·plate I» گە قاراڭ.

⑥ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ «plate Ⅱ» گە قاراڭ.

⑦ «A·von· Gabain ·Alüruische Grammatik» گە قاراڭ.

⑧ ⑨ «大唐西城记» 1977 - يىلى شاڭخەي نەشرى 297 - بەتكە قاراڭ.

⑩ يۇقىرىدىكى كىتابنىڭ 299 - بېتىگە قاراڭ.

⑪ «西城之佛教» 1956 - يىلى شاڭخۇۋ نەشرى 194 - بەتكە قاراڭ.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى نۇرىكىنالى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1984 - يىلى ئومۇمىي 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# مەھمۇت قەشقەرى مازىرى

مەھمۇت قەشقەرى مىلادى XI ئەسىردە ئۆتكەن پا-
مر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلشۇناسى ①. ئۇ ھايات يىللىرىدا
اسىيا دائىرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت ساياھەت قىلىش ئارقى-
ىق تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان رايونلاردا كۆپ مەزمۇنلۇق
ىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىلادى 1075 - يىلى
اغدات شەھىرىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئەرەبچە ئاتى-
ىشى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») ناملىق نادىر ئەسەرنى
ېزىپ،② تۈركىي خەلقلەر③ نى دۇنياغا تونۇشتۇرغان.

1915 - يىلى، تۈركىيىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»
ىڭ XIII ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى④ مىسىر مەتبە-
ەدە تىزدۇرۇلۇپ نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، مەھمۇت قەش-
ەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا تونۇ-
ۇشقا⑤ باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر خىل تىلدا
ىزاھلىنىپ نەشىر قىلىنىشقا يول ئېچىلدى.

1928 - يىلى گېرمانىيىدە بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچە
الفاۋىت تەرتىپى بويىچە تىزىلغان ۋە نېمىسچە ئىزاھلان-
ان نۇسخىسى نەشىر قىلىندى. 1941 - يىلى تۈركىيىدە

ئۇنىڭ تۈركچە ئىزاھلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1960 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزبېكچە ئىزاھلانغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

يۇقىرىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە ھاياتى ئاخىرلىشىپ دەپنە قىلىنغان جايى توغرىسىدا سۆز ئېچىلمىدى. بەزىلىرى بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم ئاتالغۇنى خاتا ترانسكرىپسىيە قىلدى⑥. 1980 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرچە ئىزاھلاپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان نۇسخىسىدىلا ئىلگىرىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى ۋە سادىر بولغان خاتالىقلار تۈزىتىلدى⑦.

1982 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىدىن مۇھەممەد زۇنۇن، قەشقەر مىللىي شىپاخانىدىن ئابدۇرېشىت سابىت، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەر قەشقەر رايونىدا «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى» توغرىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال گۆكشىبىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مازارنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى دېگەن خۇلاسىگە كەلدى⑧.

1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام (مەھمۇت قەشقەرى) مازىرىنى ۋىلايەت تەرىپىدىن نۇقتىـ

لىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە دوكلات يوللىدى⑨.

1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ۋە 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2 - كاتىبات ئىشخانىسى رەئىس ئىسمايىل ئەھمەت قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى تەستىق يوليورۇقىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى.

بۇنىڭغا ئاساسەن مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىقلار باشقارمىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى بىلەن بىرلىكتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى تەكشۈرۈش ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى.

ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىمىز قەشقەر رايونىدا بىر ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 1957 - يىلدىن بۇيان توپلانغان مەھمۇت قەشقەرى مازىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا مەزكۇر دوكلات يېزىپ چىقىلدى⑩.

× ×

ئوپال — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئىدى⑪. بىزنىڭ بۇ جايدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىشىمىز 15 كۈن داۋام قىلدى.

ئوپال، قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە، قەشقەر شەھىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا. ئۇ پامىر ئېتىكىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋالىق بىر يېزا.

بۇ يېزىنىڭ غەرب تەرىپىدە «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ باغرىدىكى بىر سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە «ھەزرىتى موللام مازىرى» ناملىق بىر مازار بار. بۇ مازارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىيانىنىڭ 37°، 30، 75، شىمالىي پاراللېلىنىڭ 50°، 18، 39 ىگە توغرا كېلىدۇ⑫.

«ھەزرىتى موللام مازىرى» كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، ئۇ روزى مەرىكە، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، ھۇجرا، مۇنارلىق دەرۋازا، زال قاتارلىق يەتتە بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە زال ۋە تىلاۋەتخانا گۈمبەزلىك بولۇپ، قالغانلىرى تەكشى ئۆگزىلىك. بۇ ئىمارەتنىڭ ئىچى زەگۈندە، خا، تۈۋرۈك، ھاراق قاتارلىق چېتىلما ياغاچلاردىن تەركىب تاپقان، تورۇسى ۋاسىجۇپ. سىرتقى قۇرۇلمىسى پۈتۈنلەي كېسەك ۋە لاي. تۈۋرۈك، ھاراقلاردا تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىشلەر ساقلىنىپ قالغان.

پارامان‌دا ساقلىنىپ قالغان خاتىرە ـ بېغىشلىمىلار-نىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازار ھىجرىيىنىڭ 1245 - يىلى ۋە 1315 - يىلى يەرلىك خەلق تەرىپىدىن ئىقتىساد توپلاپ ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. ھەر قېتىم رېمونت قىلىنغاندا ئەسلىدىكى ياغاچلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى، بولۇپمۇ نەقىش بارلىرى ئىمكان قەدەر يەڭگۈشلەنمەي ساقلاپ قېلىنغان.

قەشقەردىكى مەشھۇر نەققاشلاردىن مۇھەممەدئىمىن نامان، ئېزىز ئابدۇللا قاتارلىق ئۇستىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ مازارنىڭ تۇۋرۈك، هاراقلىرىدىكى نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، خونچا، بېلىق قاسىرىقى، كۇرگۈل، شەددە، يازا، ئۈزۈم، چېچەك، پەنجىرە قاتارلىق ئون نەچچە خىل نۇسخا بار. قەشقەردە بىنا قىلىنغان ئىسلام ئىمارەتلىرى، مەسىلەن، XV ئەسىردە بىنا قىلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى، ھېيتكار جامەسى، XVIII ئەسىردە بىنا قىلىنغان خوجا ئاپ-ئاق مازىرى قاتارلىقلاردا بۇ نەقىش نۇسخىلىرىنىڭ بەزى-لىرى ئۆز ئەينى بويىچە، بەزىلىرى بولسا ئىسلاھ قىلىنغان شەكىلدە ئۇچرايدۇ؛ بەزىلىرى، مەسىلەن، ئېتىكاپخانىنىڭ جە-نۇبىي تېمىدىكى هاراقتا ۋە شەرقىي تېمىدىكى 1 - ، 2 - خادىدا ساقلىنىپ قالغان بىر نەچچە خىل نەقىش نۇسخىلىرى بىرقەدەر قەدىمكى بولۇپ، بۇلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەل-مىگەن، پەقەت قاراخانىلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا داۋام قىلغان.

ھەزرىتى موللام تېغى قاپتىلىدا يەرلىك خەلقلەر «توققۇز قازناق» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى زامانغا تەۋە بۇددىزىم ئىمارەتلىرى بار⑬. ئوپال دېھقانلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ خارابىلىقتىن توپا ئېلىپ، ئۇنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. جۈملىدىن، توپا ئېلىش جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلغان. بۇ قېتىم دېھقانلار بىزگە ئۆزلىرى ساقلاپ قويغان بەزى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمانقارىم تەقدىم قىلغان «ئايال بۇددىستىۋا» نۇسخىلىق ساپال تۇتقۇچ بار. مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنى قوغداش گورۇپپىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە بىر «ئەر بۇددىستىۋا» نۇسخىلىق ساپال پارچىسى بار. بۇ قېتىم بىز بۇ خارابىلىقتىن يەنە قېيىن قوۋزىقىغا يېزىلغان بىرنەچچە يۈز پارچە سانسكرىتچە بۇددا نوملىرى پارچىلىرىنى تاپتۇق (بۇلارنىڭ ھەممىسى IV — V ئەسىرلەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئىدى).

«ھەزرىتى موللام تېغى» نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى «سۇلتانباغ» ناملىق تۈزلەڭلىكنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىدىن چېقىپ ياسالغان تاش قورال، قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان يىرىك

قىزىل ساپال پارچىلىرى تېپىلدى، مەھمۇت قەشقەرى مازى-
رىنى قوغداش گۇرۇپپىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي يادىكار-
لىقلار ئىچىدە يىل دەۋرى بىرقەدەر ئۇزۇن بولغان تاش
باشاق (ئوق ئۇچى)، مىس باشاق، تۆمۈر قىلىچ قاتارلىق-
لار، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھەر خىل مىس يارماقلار،
شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى «شى نىڭ» خەتلىك (مىلادى
1068 — 1085 - يىللار)، «يۈەن يۈ» خەتلىك (مىلادى
1086 — 1100 - يىللار) يارماقلار بار.

× ×

«كونا شەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل
2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان قاسىم رېھىمىنىڭ ماقالىسى
«ئازىق» يېزىسىنىڭ ئوپالدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «قەش-
قەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1984 - يىل 1 - سانىدا ئىمىر
ھۈسەينقازى ئاخۇنۇم ساقلاپ كەلگەن بىر ھۆججەت
ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ھەق-
قىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە ۋە ئىشەنچلىك مەلۇمات بار.
ھىجرى 1252 - يىلى (مىلادى 1836 - يىلى) يېزىلغان
بۇ ھۆججەتتە: «قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈل-
كىم (مەسنۇۋى شىرىپ) نى قەشقەرىنىڭ ئوپال رايونى تاغ
باغرىدا، سۇزۇك بۇلاق ئۈستىگە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى

مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن ئوغلى، قەلەم ئىگىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپى ۋە ئەبەدىي سادىغا قىلدىم» دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ 50 - يىللاردىن بۇيانقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش خاتىرىلىرى ئىچىدىمۇ «ھەزرىتى موللام مازىرى» ھەققىدە بىر قىسىم ماتېرىيال ساقلىنىپ كەلگەنىدى. 1957 - يىلىدىكى بىر خاتىرىدە: «ھەزرىتى موللام، تەخەللۇسى قەشقەرى، ھىجىرىيىنىڭ 477 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسى بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) زامانىسىدا يېڭىسارغا ئېلىپ كېتىلگەن»[14] دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «7853» نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ چاغاتايچە خېتى بار بىر يۈزىدە ئوپالدىكى بىرمۇنچە مازارلارنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن ، مەسىلەن، ئىمام مالىك ئەژدەر، ئىمام مالىك ئەسقەر[16]، ھەزرىتى مەۋلانە شەمسىدىن ئەللامە[17]، ھەزرىتى سەييىدىن بۇزرۇكۋار[18]، ھەزرىتى پادىشاھىم[19]، ھەزرىتى خوجا قونار ئاتام[20]، ھەزرىتى ئالماكلىق ئاتام[21]، يەتتە ئىزىز[22]، بۇۋى رابىيە[23]، ھەزرىتى قىزىل جايىم[24]، يۇدۇغباش[25]، سۇلتان سىقى[26]، ئەبىتكىم[27] قاتارلىقلار. بۇ مازارلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ئوپال يېزىسى تەۋەسىدە بار. بۇ قەغەزگە يېزىلغان خەتلەر XVII —



AltunOq

XVIII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق. بۇنىڭدىكى «ھەزرىتى مەۋلانا شەمسىددىن ئەللامە» دېگەن دەل مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇلۇغلانغان نامى ئىدى. بۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن 1836 - يىلى يېزىلغان ھۆججەتتىكى ئاتاش بىلەن ئوخشاش.

× ×

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە بولغان بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن ۋە ئېتىقاد مەركىزى قىلىنغان پامىر ئېتىكىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ نادىر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنياغا تونۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئوپالدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارغا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىسمى تونۇش ئىدى ۋە ئۇلۇغلىناتتى. ئۇنىڭ مازىرىنى ساقلايدىغان شەيخلەرنىڭ شەجەرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مازار 900 يىلدىن بۇيان ئۇلۇغلىنىپ ساقلاپ كېلىنمەكتە. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ نامىنى ئاتاش مۇۋاپىق كەلمەيدىغان زامانلاردا ئۇلار ئۇنى «ھەزرىتى موللام» دېگەن نام بىلەن ساقلاپ كەلگەن ۋە كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئاسراپ رېمونت قىلدۇرغان.

مەھمۇت قەشقەرى ئوپال خەلقى، قەشقەر خەلقى، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلە-

شىدىغان خەلقلەر، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقى خاتىرىلەيدىغان تارىخىي شەخس. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىللارغا بېرىلگەن ئىزاھلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زامانىدىكى تارىخىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال.

1983 - يىل 6 - ئاي، قەشقەر.

ئىزاھلار:

① خەنزۇچە «ئوكيانۇس»نىڭ 1139 - بېتىگە قاراڭ.

② خەنزۇچە «ئوكيانۇس»نىڭ 1795 - بەت ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە ئىزاھاتلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى» 17 - بەتلەردىكى چۈشەندۈرۈشلەرگە قاراڭ.

③ مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ كىرىش سۆزىدە (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» 38 - بەت): «ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم ... كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم» دېگەن. بۇنىڭدىكى كىشىلەر بىلىشكە ئېھتىياج بولغان «ئوغۇز» لارنى فرانسىيىلىك ئالىم م. رېناۋد: ‹توققۇز ئوغۇز› دەپ ئاتالغان تۈركىي خەلقلەر دەل ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ جەسۇر، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا

ئەڭ ماھىر خەلقلەر ئىدى» دەپ ئىسپاتلىغان (فېڭ جياشېڭ ئەپەندى رەتلىگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 1 - توم، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1958 - يىلى نەشرى، 57 - بەت).

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تۈركىيە ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى، يەنى دۇنيا بويىچە ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان بىردىنبىر نۇسخىسى مىلادى 1266 - يىلى ئىرانلىق مۇھەممەت ئىبنى ئابابەكرى ئەبۇلفەتھى تەرىپىدىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر.

⑤ بۇنىڭدىن بۇرۇن مىسىر قازىسى، تارىخشۇناسى ئەئنەبى (مىلادى 1360 - يىلى ۋاپات بولغان) مىسىردا مۇدەررىسلىك قىلغان ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن بەزى ئۈزۈندىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەن. تۈركىيىلىك مۇستافا ئىبنى ئابدۇللا (چەلەبى) (مىلادى 1591 - 1656 - يىللاردا ئۆتكەن) مۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن پايدىلانغان. بۇ ئەھۋاللار بىزگە XIX ئەسىردىن كېيىن مەلۇم بولدى.

⑥ ئۆزبېكچە نۇسخىسىدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز يۇرتى توغرىسىدىكى «ئوپال — بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دېگەن سۆزنى «ئابۇل — بىز ئەلدە بىر قىشلاق» دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ خاتا.

⑦ بۇ نۇسخىدا «ئوپال بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ توغرا ئىزاھلاندى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئورنى خەلق ئارىسىدىكى چۆچەكلەر ئاساسىدا كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ مازىرىنىڭمۇ قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

⑧ «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىل 2 - سانىغا قاراڭ.

⑨ بۇ ھەقتە قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 1983 - يىل 6 - ئاي، 26 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بار.

⑩ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىنى تەكشۈرۈش ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىغا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى سابىت ئەخمەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد زۇنۇنلار رىياسەت

چىلىك قىلدى. كونكرېت كەسپىي خىزمەتلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىن قۇربان ۋەلى، ھەسەن ئابدۇرېھىملار، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىدىن مۇھەممەدئىمىن سايىت، ئابدۇرېھىمجان، رېن جەنشىڭلار قاتناشتى. مەزكۇر دوكلاتنى يېزىپ چىقىشنى قۇربان ۋەلى ئورۇنلىدى.

⑪ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل 1 - جىلد، 49 - بەتكە قاراڭ.

⑫ «ھەزرىتى موللام مازىرى» رايوننى ئۆلچەش — خەرىتىگە ئېلىشنى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەۋەككۇل ئوسمان بىلەن مۇھەممەد ئىمىن سايىتلار ئورۇنلىدى. تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىشقا قەشقەر ۋىلايەتلىك لايىھەلەش ئىشخانىسىدىن ھاجى مەتمۇسا ياردەملەشتى.

⑬ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي خىزمەتچىلىرى 1982 - يىل و - ئايدا بۇ خارابىلىقتىن يىغىۋالغان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنى مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ كاربون 14 - تەجرىبىخانىسىدا تەكشۈرتكەندە، بۇنىڭدىن 1660 ± 75 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

⑭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

⑮ بۇ ھۆججەتنى ئوقۇپ چىقىشقا ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇرېشىت سابىت، سالىھجان قارىم، مۇھەممەد ئوسمان قاتارلىق مەشھۇر چاغاتايشۇناسلار ياردەملەشتى. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى «كەكمەنىرنىڭ شېئىرلىرى» دېيىلگەن خەنزۇچە خەتلەرنى گومورو ئەپەندى تەتقىق قىلىپ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلغان. ئەپسۇسكى بۇ خەنزۇچە خەتلەرنىڭ سىياسى ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ۋە ھۆججەت يۇيۇپ قۇرۇتۇلۇش جەريانىدا زەخىملەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەسلىدىكى چاغاتايچە خەتلەر ئانچە ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ ھۆججەت چاقىلىقتىن چىققان ئەمەس، بەلكى ئوپالدىن تېپىلغان.

⑯ بۇ ئىككى كىشىنىڭ مازىرىنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ شەرقىي جە-
نۇب تەرىپىدە، هازىر ئۇ «ئىماملىرىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلقلەر
ئۇلارنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى، ئۇلار مەھمۇت قەشقەرى-
گە ئەگىشىپ ئەرەب ئەللىرىدىن قەشقەرگە كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

⑰ بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ھەزرىتى موللام مازىرى» يەنى
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى.

⑱ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ قومباغ (ئازىق) مەھەللىسىنىڭ
جەنۇبىدىكى دۆڭدە. يەرلىك خەلقلەر ئۇنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانا تە-
رەپ چوڭ دادىسى، دەپ قارايدۇ.

⑲ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالدىكى كارۇك مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدا.

⑳ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇيار
مەھەللىسىدە.

㉑ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ ياغۇ مەھەللىسىدە.

㉒ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ موللام بېغى مەھەللىسىدە.

㉓ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ قومباغ (ئازىق) دىكى يېكچى
مەھەللىسىدە. يەرلىك خەلقلەر ئۇنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسى دەپ
قارايدۇ.

㉔ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ شەرقىدىكى خانكۆۋرۈك دې-
گەن جايدا.

㉕ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يۇدۇغباش
مەھەللىسىدە.

㉖ بۇ مازارنىڭ ئورنى ئوپالنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «يۇقىرى
ھويلا» دېگەن جايدا.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ
1983 - يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئىزاھلار قىسقارتىل-
غانىكەن، بۇ قېتىم تولۇقلاپ بېرىلدى.)

# شىنجاڭدىن تېپىلغان تارىخىي يېزىقلار

مەن 1983 - يىلى 1 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىق - تىل تۈرلىرىنى ئايرىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ 4 - ئايغىچە جەمئىي ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مۇزېينىڭ ئىسكىلاتىدا ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنى بىرمۇ بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، تىزىملاپ، سېلىشتۇرما يېزىقشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن رەتكە تىزىپ، ئۇلارنىڭ قايسى خىل يېزىق سىستېمىسىغا ۋە شۇ يېزىق سىستېمىسىنىڭ قايسى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئايرىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى يېزىق سىستېمىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغان ھەرقايسى يېزىقلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى، شىنجاڭدا قوللىنىلغان دەۋرى، ئۇنىڭ تىلى. ئۇنى قوللانغان قەدىمكى مىللەت قاتارلىق مەسىلەر ئۈستىدە ئىزدەندىم. ئەڭ ئاخىرىدا ھەرقايسى يېزىقلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرى دەسسەش ياكى ئۆزئارا سىڭىشىپ تەدرىجىي ھالدا مەلۇم بىرخىل ئورتاقلىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدىم.

هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساق-لىنىۋاتقان ياكى بۇرۇن شىنجاڭدىن تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلاردا ياكى چەت ئەللەردە ساق-لىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىق تۈرى 26 خىلغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى زامانىمىزدىن خېلى كۆپ ئەسىر بۇرۇنلا قوللىنىلىشتىن توختىغان ــ «ئۆلگەن يېزىق» لار؛ يەنە بەزىلىرى بولسا ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ قوللىنىلىۋاتقان ــ «چالا ئۆلگەن يېزىق» لار ئىدى.

«ئۆلگەن يېزىق» لارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ئالىم-لار هازىر دۇنيادا ناهايىتى ئاز، جۇڭگودا تېخىمۇ ئاز، بەلكى بەزى يېزىق شەكىللىرىنى بىلىدىغان ئالىملار تېخى يېتى-شىپ چىقمىدى. «چالا ئۆلگەن يېزىق» لارنى بولسا هازىرقى زامان كىشىلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىل سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كىشىلەر يەنە ئاز ـ تولا تىرىش-چانلىق كۆرسەتسىلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن 26 خىل يېزىقنى ئۈچ چوڭ يېزىق سىستېمىسىغا ئايرىش مۇمكىن. بۇلار ئەرەم (Arami) يېزىقى سىستېمىسى، براهمى (Brōhmi) يېزىقى سىستېمىسى ۋە خۇاشيا (华夏) يېزىقى سىستېمىسىدىن ئىبا-رەت. بۇ سىستېمىلارغا كىرىدىغان هەر خىل يېزىقلار بىلەن هام ـ سام تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار، هىندى-ياۋروپا تىللىرى (هىندى ـ ئىران تىللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار، خەنزۇ ـ تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللاردىكى قەدىمكى دىن، تارىخ، جۇغراپىيە، تېبابەت، تىل ـ ئەدەبىيات، پالچىلىق،

ديهقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قانۇن مەزمۇنلىرى خاتىرىلەنگەن. ديمەك، ئۇنىڭ مەزمۇنى دۇنيا خاراكتېرلىك بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى، شامان (زوراستى) دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بەش چوڭ دىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا تاغ، كۆل، ئاي، دەريا قاتارلىق تەبىئىي مەۋجۇدىيەتلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇپ چوقۇنۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلارغىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ.

شىنجاڭدىن تېپىلغان مۇشۇ 26 خىل يېزىق ماتېرىياللىرى ئىچىدىن ھازىر ئىلىم - پەننىڭ ھەرقانداق تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم ئۆزىنىڭ تەتقىقات - تەجرىبىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولالايدۇ.

## خۇاشيا يېزىقى سىستېمىسى

«خۇاشيا» دېگەن سۆز مىللەتشۇناسلىق ئۇقۇمى. ئۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئورتاق نامى ئىدى. بۇ نام ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئەينى زاماندىكى سۇلالىنىڭ نامى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن، شيا (夏) سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن XIV — XI ئەسىرلەر) دەۋرىدە «شيالار» (夏人)؛ شاڭ (商) سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن XVI — IX ئەسىر) دەۋرىدە «شاڭلار» (商人) ياكى «يىنلار» (殷人)؛ جۇ (周) سۇلالىسى

(مىلادىدىن ئىلگىرى XI — VIII ئەسىر) دەۋرىدە «جۇلار» (周人)؛ چۇنچيۇ- جەنگو (春秋战国) دەۋرلىرى (مىلادىدىن ئىلگىرى VIII — V ئەسىر) دە بولسا شۇ زامانلاردا پارچىلىنىپ كەتكەن ھەرقايسى دۆلەت ياكى بەگلىكلەرنىڭ نامى بىلەن، يەنى «چىنلار» (秦人)، «جاۋلار» ، (韩人) «خەنلەر» . (魏人) «ۋېيلار» (赵人) ، «چۇلار» (楚人)، «يەنلەر» (燕人) ؛ چىن (秦) سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى 221 — 206 - يىللار) دەۋرىدە «چىنلار» (秦人)؛ خەن (汉) سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرى 206 - مىلادى 220 - يىللار) دەۋرىدە «خەنلەر» (汉人)؛ سۈي - تاڭ سۇلالىسى (مىلادى 518 — 907 - يىللار) دەۋرلىرىدە «سۈيلەر» (隋人) ياكى «تاڭلار» (唐人)؛ سۇڭ (宋) سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 960 — 1127 - يىللار)دە «سۇڭلار» (宋人)؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «جەنۇبلۇقلار» (南人)؛ چىڭ (清) سۇلالىسى دەۋرىدە ھەتتا مانجۇلار بىلەن بىر قاتاردا «چىڭلار» (清人) دەپ ئاتالغانىدى (ئىنگلىزچىدىكى «Chines» دېگەن سۆز دەل «چىڭلىقلار» دېگەندىن كېلىپ چىققان). قەدىمكى تۈرك قوۋملىرى بولسا مىلادى VI — IX ئەسىرلەردە ئۇلارنى «تابغاچ» (مەنىسى تارتۇق بەرگۈچىلەر) دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان. مىلادى XII — XIII ئەسىرلەردە بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «قىتان» (契丹) لارنىڭ نامى بىلەن خىتاي، دەپ ئاتالغان («خىتاي» دېگەن سۆز دەل «قىتان» دېگەن سۆزنىڭ باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. كېيىن بۇ سۆز رۇسلارنىڭ

«قىتان»نى «كىتاي» دەپ ئاتىشى ئارقىلىق باشقا مەملىكەتلەرگە كەڭ تارالغان).

خۇاشيالارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يېزىقى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاشپاقا قېپى ۋە كالا، قويلارنىڭ دۈل سۆڭىكىگە ئويۇپ پال سېلىش ـ دۈل بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بەلگىلەر ئاساسىدا تەدرىجىي ھالدا ئىسلاھ قىلىنغان. ئۇنى تارىخشۇناسلار «جاگۇ يېزىقى» (甲骨文، مەنىسى دۈل سۆڭەككە يېزىلغان يېزىق)دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خۇاشيا يېزىقىنى بولسا «جىنۋېن» (金文، مەنىسى مېتال قاچىلارغا ئويۇلغان يېزىق) دەپ ئاتايدۇ.

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگودىكى بۆلگۈنچى بەگلىكلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن يېزىقلارمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. بۇ دەۋردە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزىق ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلغاچقا «خەن سۇلالىسى يېزىقى» ياكى «خەنزۇ يېزىقى» «汉文» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى، ھازىرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

شىنجاڭدا خۇاشيا يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تۆت خىل يېزىق تېپىلدى. ئۇلار:

1. خەن سۇلالىسى يېزىقى (汉文). بۇ خىل يېزىق چىن سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىقلار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندە شەكىللەنگەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى سۇلالىلەر دەۋرىدە ئاز ـ تولا ئىسلاھات يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، شەكلىدە ئۆزگىرىش چوڭ بولماي، پەقەت سىزىقلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى

ۋە ئۆك - سۈل ياكى ئاستى - ئۈستىگە ئالماشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىشلا بولغان.

بۇ خىل يېزىقتا جۇڭگونىڭ 2000 يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىلىپ چىققان تارىخ، دىن، ئەدەبىيات ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي - قانۇنىي ھۆججەت قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ. يىل - دەۋرىمۇ ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭدا دۇنيا تارىخى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يىپ ئۇچى بار. ئۇ، جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا تارىخى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدىن بۇ يېزىقتا يېزىلغان ھەر خىل يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى.

2. قوچۇ يېزىقى (高昌文). «شىمالىي سۇلالە تارىخى» (北史)، «جۇ پادىشاھلىقى تارىخى» (周书) قاتارلىق تارىخىي كىتابلارنىڭ قوچۇ (تۇرپان) ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە: «يېزىقى خۇاشياچىغا ئوخشايدۇ، خۇر (胡) تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دەپ باشقا ئىزاھات تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى ئېنىق قەيت قىلىنغان. XI ئەسىردە ئۆتكەن پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار، رەسمىي ھۆججەت، خەت -

چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» دەپ يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئېنىق ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بۇ خاتىرىلەر ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ، ئەمەلىي پاكىتلار دەل مۇشۇنداق بولۇپ چىقتى. يەنى تۇرپان ئويمانلىقىدىن جىن-تاڭ سۇلالىلىرى (مىلادى III—X ئەسىرلەر) دەۋرىدىكى ھۆججەتلەر، ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ تېپىلدى. لېكىن بۇنى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەتقىقاتلاردا «خەنزۇ يېزىقى، خەنزۇ تىلى» دەپ ئېيتىلدى. مەن بۇ يازما ماتېرىياللارنى تارىخىي خاتىرىلەردىكى «خۇاشياچىغا ئوخشايدۇ» دېگەن بايانغا ھۆرمەت قىلىپ خۇاشيا يېزىقى سىستېمىسىغا ئايرىدىم، «خور تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دېگەن بايانغا ھۆرمەت قىلىپ، ئەينى زامانلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا تۈرك قوۋملىرى ھاكىمىيەت قۇرغان «قۇجۇ ئىدىقۇت خانلىقى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «قۇجۇ يېزىقى» دەپ ئاتىدىم. (قۇجۇ يېزىقىغا دائىر ئايرىم - ئايرىم تېمىلار بويىچە قىلىنىۋاتقان مۇلاھىزىلىرىم كەلگۈسىدە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.)

3. غەربىي شيا يېزىقى (西夏文). بۇ يېزىق «تاڭغۇت يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادى 1038 — 1227-يىللاردا ھازىرقى نىڭشيا ۋە شەنشىنىڭ شىمالى، گەنسۇنىڭ غەربىي شىمالى، چىڭخەينىڭ شىمالى، ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق رايونلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇنداق بىر دائىرە ئىچىدە بىر خانلىق قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى شىمالىي

سۇڭگۇلۇقلار «غەربىي شيا» دەپ ئاتايتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىلىرى قەدىمكى چاڭ (羌)، خەنزۇ، تۆبۆت، ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ زامانلاردا بۇ دۆلەت دائىرىسىدە غەربىي شيا يېزىقى قوللىنىلغانىدى.

ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان غەربىي شياچە خەتلەر 6000 غا يېتىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى خەن سۇلالىسى يېزىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن سىزىقلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋە مۇرەككەپ. ھازىر بۇنى تەتقىق قىلىدىغان يېزىقشۇناسلار، تىلشۇناسلار يېزىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ ۋە تەرجىمە قىلالايدۇ. لېكىن تىلىنى ترانسكرىپسىيە قىلالمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ قەدىمدە قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم.

شىنجاڭدىن غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا دىنىغا، ئەدەبىياتقا، تىبابەتچىلىككە ۋە قانۇنغا دائىر ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن غەربىي شيا يېزىقىدا يېزىلغان يارماقلار تېپىلدى.

4. قىتان يېزىقى (چوڭ يېزىق) (契丹大字).

مىلادى 916 — 1125 - يىللاردا بالىتىق دېڭىزى ساھىللىرىدىكى رايونلاردىن سەنشىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسمىغىچە بولغان مۇشۇنداق بىر دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «لياۋ» (辽) خانلىقى قۇرۇلغانىدى. بۇ دەۋردە بۇ خىل يېزىق قوللىنىلغان.

بۇ خانلىقنىڭ ئاھالىلىرى قىتان، ئۇيغۇر، موڭغۇل، جۇرجىت خەلقلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى.

قىتان يېزىقى مىلادى 920 - يىلى خەن سۇلالىسى يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىزىقلىرى خەن سۇلالىسى يېزىقىدىن مۇرەككەپرەك، لېكىن غەربىي شيا يېزىقىدىن ئاددىيراق كۆرۈنىدۇ.

مىلادى 1124 - يىلى قىتانلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ غەربى ۋە سۇياپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا «غەربىي لياۋ» (قارا خىتاي، دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ خانلىق مىلادى 1211 - يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ رايوندىمۇ قىتان يېزىقى داۋاملىق قوللىنىلغانلىقى مەلۇم.

شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن بۇ خىل قىتان يېزىقى بار تامغىلار تېپىلدى.

## ئەرەم يېزىقى سىستېمىسى

مىلادىدىن ئىلگىرى XI ئەسىردە مىسسوپوتامىيە (ئېفرات، تىگرىس دەريالىرى ئارىسىدىكى رايونلار، بۈگۈنكى قەدىمكى تۈرك قوۋملىرى ئاناتولى تۈزلەڭلىكى، دەپ ئاتايتتى) تۈزلەڭلىكىدىكى مەشھۇر شەھەر دۆلىتى — داماسكودا «ئەرەملەر» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى قەبىلىلەر ياشايتتى. ئارخېئولوگلار بۇ تۈزلەڭلىكتىن مىلادىدىن ئىلگىرى IX — VII ئەسىرلەردىكى ئەرەم يېزىقى بار مەڭگۈ تاشلارنى تاپتى.

بۇنداق يېزىقى بار مەڭگۈ تاشلار ئافغانىستان، پا-
كىستانلاردىمۇ تېپىلدى. دېمەك، شۇ مۇقەددەم زامان-
لاردا، بۇ خەلقئارالىق سودا يولىدا ئەرەم يېزىقى راۋان
قوللىنىلغان.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا
ساقلىنىۋاتقان ۋە شىنجاڭدىن تېپىلىپ باشقا جايلاردا
ساقلىنىۋاتقان يازما ماتېرىياللار ئىچىدە ئەرەم يېزىقى
سىستېمىسىغا كىرىدىغان 14 خىل يېزىق بار:

5. كاروشتى يېزىقى. بۇ يېزىق ئەرەم يېزىقىنىڭ
ناھايىتى بۇرۇن قوللىنىلغان ئەركىن قول يازما شەكلى
ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان.

ھىندى ۋادىسىدا مىلادىدىن ئىلگىرى V ئەسىردىلا
بۇ خىل يېزىق قوللىنىلغانىدى.

تىلشۇناسلار ئىچىدە بۇ يېزىق ئارىيان مەدەنىيە-
تىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن، ئاساسەن قەدىمكى
ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا قوللىنىلغان دېگۈ-
چىلەر كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. بەزىلەر ئارىيانلار
ئىران تەرەپتىن ھىندىستانغا كەلگەن، شۇڭا ئۇ ھىندى -
ئىران يېزىقى، دەپ ئاتىلىشى كېرەك دېسە، يەنە بەزى-
لەر ئارىيانلار ھىندى ۋادىسىغا تارىم ئويمانلىقىدىن كەل-
گەن، دەيدۇ. ئومۇمەن بۇ جەھەتتە تالاش - تارتىش بار،
تېخى بىرلىككە كەلگەن يەكۈن يوق.

ئارخېئولوگلار پاكىستاندىن مىلادىدىن ئىلگىرى
251 - يىلدىكى «ئاسوكاخان يارلىقى» مەڭگۈ تېشىنى
تاپتى. شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىدىكى

ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا ساقلىنىپ قالغان سىپىل تاملىرىنىڭ كېسەكلىرىدىمۇ بۇ مەڭگۈ تاشتىكى شەكىلگە ئوخشايدىغان كاروشتى ھەرپلىرى تېپىلدى. نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خارابىلىقلاردىن، كروران (ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە) خارابىلىقىدىن ۋە خوتەن رايونىدىن مىلادى III — IV ئەسىردىن بۇرۇنقى تاختا، تېرە ۋە قەغەزگە يېزىلغان ئىجتىمائىي - مەمۇرىي ۋەسىقىلەر كۆپ تېپىلدى، يارماقلارمۇ تېپىلدى.

بۇ رايونلاردىن تېپىلغان كاروشتى ۋەسىقىلىرىنىڭ تىلىنى مەشھۇر سانسكرىتشۇناس جى شەنلىن ئەپەندى «نىيە ئاۋام تىلى» دەپ ئاتىدى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

بۇ خىل يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىشى جۇڭگودا تېخى باشلانمىدى.

مىلادى II—III ئەسىرلەردە بۇددا دىنىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سانسكرىت يېزىقى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلغاندا كاروشتى يېزىقى چەتكە قېقىلدى. ئۇنىڭ «كاروشتى» (مەنىسى ئېشەك كالپۇكى) دەپ ئاتىلىپ كەمسىتىلىشىمۇ ھەرھالدا ئۇنىڭ قوللىنىلىشتىن مەھرۇم قىلىنىشىغا مەلۇم دەرىجىدە سەۋەبچى بولدى. لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئەينى زاماندىكى دىنىي مەزمۇنلارنى يازىدىغان يېزىق قىلىنماي تاشلىۋېتىلىشكە باشلىغان ئىدى.

6. ئەرەب يېزىقى. مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىردە ئەرەبىستاندىكى ناباتا قەبىلىلىرى ئەرەم يېزىقىنى قوللىناتتى. مىلادى 106 - يىلى ناباتىلار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ رايوندا يېڭى سىناي يېزىقى، يەنى ئەرەم يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن يەنە بىر خىل يېزىق قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئەرەب يېزىقى دەل مۇشۇ خىل يېزىق ئاساسىدا مىلادى V ئەسىردە تۈزۈلۈپ چىقىلدى.

ئارخېئولوگلار مىسسوپوتامىيە تۇزلەڭلىكىدىن مىلادى 512-يىلىدىكى ئەرەبچە، سۇرىيىچە ۋە گرېكچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان مەڭگۇ تاشلارنى تاپتى.

مىلادى VII ئەسىردىن باشلاپ بۇ خىل ئەرەب يېزىقىدا «قۇرئان» يېزىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مۇقىم شەكىللىنىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل يېزىق دۇنياغا كەڭ تارقىلىش جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مىلادى X ئەسىردە شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان» ۋە باشقا دىنىي ئەسەرلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. ئۇنى شىنجاڭدىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆگىنىشكە باشلىدى.

ھازىر ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئىسلام ئەسەرلىرى شىنجاڭدا كۆپ ساقلانماقتا.

7. پارس يېزىقى. ئىران تۇزلەڭلىكىدە ياشىغان پارسلار ئاكامېند سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇن 558 — 330 —

يىللار) دەۋرىدە مىسىمارى يېزىق (مىخ شەكىللىك يېزىق) قوللىنىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئارساكىلار سۇلا- لىسى (مىلادىدىن بۇرۇن 250 -، مىلادى 226 - يىل- لار) دەۋرىدە پەھلىۋى يېزىقى قوللىنىدىغان بولدى. مى- لادى 226 — 642 - يىللاردىكى ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئاۋىستا يېزىقى قوللاندى. بۇ سۇلالە ئاغدۇرۇلۇپ ئىسلام دىنى ئەۋج ئالغاندىن باشلاپ «قۇرئان» ئارقىلىق ئەرەب يېزىقى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا پارس يېزىقى تۈزۈلدى (يۇقىرىدىكى يېزىقلارنىڭ ھەممىسى ئەرەم يېزىقىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىللىرىدىن پاي- دىلىنىپ تۈزۈلگەن يېزىقلار ئىدى).

بۇ خىل پارس يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ شىن- جاڭغا ئىسلام دىنى بىلەن بىللە يېتىپ كەلگەن.

شىنجاڭدىن مىلادى VII—VIII ئەسىرلەردىكى پارسچە يېزىقى بار تىللا، تەڭگە، يارماقلار ۋە X ئەسىردىن كېيىن قەغەزگە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەرسىيەلەر، ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

X ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا پارسچە ئۆگەنگەن ئەھلى - ئىلىملەر كۆپىيىپ، ھەتتا تۈرك تىلىدا سۆزلە- شىدىغان خەلقلەرمۇ ئۆزلىرى پارسچە ئەسەرلەر يازىدىغان بولدى. ھازىر بۇنداق ئەسەرلەر شىنجاڭدا كۆپ ساقلانماقتا.

شەرقىي پامىر پارس شىۋىسىدە سۆزلىشىدىغان تا- جىكلار ئارىسىدىمۇ پارسچە قەدىمكى ئەسەرلەر بار.

8. قارا خانىلار يېزىقى. ئىسلام دىنى مىلادى

VII ئەسىردە ئەرەبىستاندا شەكىللىنىپ، VIII ئەسىردىن باشلاپ ئىران تۈزلەڭلىكىگە، ھىندى ۋادىسىدىكى پاكىستانغا، ياۋروپانىڭ شەرقىدىكى تۈركىيىگە، شىمالىي ئافرىقىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. شىنجاڭغا بولسا سەل كېيىنرەك، يەنى مىلادى X ئەسىردە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر رايونىغا تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ زامانلاردا قەشقەر رايونىدا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش سوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلاتتى. بۇ يېزىق بۇددىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئىسلام دىنى يېتىپ كەلگەندىن-كېيىن ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇشۇنداق يېزىقتا يېزىلغان نۇسخىسى بار. لېكىن بۇ زاماندا ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىبات ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئەرەب، پارس يېزىقلىرىنى ئۆگىنىش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى ۋە بۇنداق يېزىقتا تۈركىي تىللارنى يازىدىغان قاراخانىلار يېزىقى تۇزۇپ چىقىلدى.

دەسلەپتە ئىككى خىل يېزىق تەڭ داۋاملاشتى، بۇنداق ئەھۋال قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىككى خىل يېزىقلىق يارماقلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

كېيىن قاراخانىلار يېزىقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەڭ كۆلەمدە راۋاج تاپتى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا نۇرغۇن ئەرەب، پارس سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىشقا باشلىدى.

قاراخانىلار يېزىقى XIV ئەسىرگىچە داۋاملاشتى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپ تېپىلىدۇ.

9. چاغاتاي يېزىقى. شىنجاڭ رايونى مىلادى، 1324—1328- يىللاردا موڭغۇل شاھزادىسى چاغاتاي خاننىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ رايوندا داۋاملىق تۈردە ئىسلام دىنى راۋاجلاندۇرۇلۇۋەردى. بۇ خانلىقنى قۇرغۇچى موڭغۇل قوۋملىرىمۇ ئىسلاملىشىشقا باشلىدى.

بۇ زامانلاردا تۈركىي تىللارغا قوبۇل قىلىنغان ئەرەب، پارس سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئۇلارنى كەڭ خەلق ئاممىسى قوبۇل قىلىپ بولالمايۋاتتان بىر خىل ھادىسە يۈز بېرىۋاتقانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەرەب، پارس يېزىقلىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى كۆپ ئۆزگەرتىلمىگەن ھالدا تۈزۈلگەن قاراخانىلار يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ تۈركىي تىللارنى توغرىراق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان بىر خىل يېزىق ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. نەتىجىدە «چاغاتاي يېزىقى» تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ خىل يېزىق خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇردى.

بۇ خىل تۈركىي تىللارنى يازىدىغان يېزىق چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان ۋە چاغاتاي خانامىنىڭ مەمۇرىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولغانلىقى ئۈچۈن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالدى. تۈركىي تىللار تىلشۇناسى، ئەدىب، مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايى (1441 — 1501 - يىللار) ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان.

شىنجاڭدا چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول. ھازىر بىر قىسىم تىلشۇناسلار بۇ خىل يېزىقنى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يېزىقى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بۇ خىل يېزىق ئەسىرىمىزنىڭ 20 - يىللىرىغىچە داۋاملاشتى.

10. سۈرىيە يېزىقى. مىسسوپوتامىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئېدىسسا (ھازىر ئۇرفا، دەپ ئاتىلىدۇ) رايونى سۈرىيە تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئىچىدە خرىستىيان دىنى ئەڭ بۇرۇن ئەۋج ئالغان رايون ئىدى. بۇ ئەرەم مەدەنىيىتى بىلەن گرېك مەدەنىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك خرىستىيان مەدەنىيىتى ئىدى.

خرىستىيان دىنى مۇشۇ رايون ئارقىلىق ئىرانغا ۋە باشقا جايلارغا تارقالغان.

بۇ رايوندىن مىلادى 73 - يىلىدىكى سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاش تېپىلدى.

بۇ خىل يېزىق ئەرەم يېزىقىنىڭ بىر خىل ئەركىن قول يازما شەكلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن يېزىق ئىدى. ئۇ مىلادى IV—VI ئەسىرلەردە تازا تەرەققىي تاپتى.

VII ئەسىردە ئىسلام دىنى بۇ رايوندا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى بىلەن سۈرىيە تىلىنى يازىدىغان بىر خىل يېزىق (بۇ خىل يېزىق گارشۇنى يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ) تۈزۈپ چىقىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن سۈرىيە يېزىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى.

مىلادى 431 - يىلىدىلا سۈرىيە دىندارلىرى ئىككى

مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. شۇزامانلاردا بۇنىڭ ئىچىدىكى نېستۇرى مەزھىپى شەرققە كۆچۈپ ئىراننىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. دېمەك، ئۆز ئېلىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش ئېھتىمالى پەيدا بولغان سۇرىيە يېزىقى باشقا ئەلگە كۆچۈپ كەلدى. ھەتتا خەلقئارا سودا يولى ئارقىلىق جۇڭگوغىمۇ يېتىپ كەلدى.

ھازىر شىئەن شەھرىدە مىلادى 781 - يىلىدىكى «ماچىن نېستۇرى دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشى»ناملىق بىر مەڭگۈ تاش ساقلانماقتا.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىتالىيىدىن باغدات ئارقىلىق جۇڭگونىڭ تايدۇ (بېيجىڭ) شەھىرىگىچە ساياھەت قىلغان ماركوپولو ئۆز خاتىرىسىدە شىنجاڭ دائىرىسىدە نۇرغۇن نېستۇرى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ شىنجاڭدىن، بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن سۇرىيە يېزىقى بار مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى.

بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، دۇڭخۇاڭدىن ۋە شىنجاڭدىن سۇرىيە يېزىقىدا يېزىلغان «ئىنجىل» نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان.

شىنجاڭدا چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا سۇرىيە يېزىقى پۈتۈنلەي يوقالدى.

11. مانى يېزىقى. مىلادى 247 - يىلى ئىراندا مانى دىنى بارلىققا كەلگەندە، بۇرۇن سۇرىيىنىڭ پالمىرا شەھرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن مانى يېزىقى

قوللىنىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كەلدى.

بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يەرلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مىلادى 762 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ مانى يېزىقى پۈتۈنلەي ئىراننىڭ پەھلىۋى تىلىنى يازىدىغان يېزىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىمۇ يازىدىغان يېزىققا ئايلاندى.

شىنجاڭنىڭ تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن مانى يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىلار تېپىلدى. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋال شۇكى، تۇرپاندا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل شەكىل پەيدا بولغان. ئۇ تۇرپان مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

تۇرپاندىن يەنە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئۆتكەن ۋاقتىدىكى توۋا قىلغانلىرى خاتىرىلەنگەن ئەسەرلەر تېپىلغان، بۇ ئەسەرلەر ئاللىقاچان تەتقىق قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلىنىپ بولدى.

12. سوغدى يېزىقى. پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشىغان سوغدىيانلار مىلادى III ئەسىردىن باشلاپ ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋىستا يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بىر خىل يېزىقنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ تىلى — شەرقىي ئىران شېۋىسىنى يازاتتى. بۇ يېزىقنى تىلشۇناسلار «سوغدى يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ (بەزى كىتابلاردا پەھلىۋى يېزىقى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

سوغدىيانلار شۇ زامانلاردا ھىندى ۋادىسى، لوپنۇر

كۆلى رايونى ۋە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىغىچە بېرىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار بارغان جايلاردىمۇ بۇ يېزىقنى قوللىناتتى.

مىلادى V ئەسىرلەردە بۇ يېزىق خەلقئارالىق سودا يوللىرىدا راۋان قوللىنىلىدىغان سودا - مۇئامىلە يېزىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى (بۇ يېزىق ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىقنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشىغىمۇ سەۋەبچى بولدى).

تۇرپاندىن مىلادى V — VI ئەسىرلەرگە تەۋە سوغدىچە بۇددىزم ئەسەرلىرى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر تېپىلدى. تۇرپاندىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرىدىمۇ سوغدىچە بېغىشلىمىلار بار. ئۇرقۇن ۋادىسىدىن ئۇيغۇر خاقانلىقى زامانىسىدا تىكلەنگەن سوغدىچە خەتلىرى بار مەڭگۈ تاشلارمۇ تېپىلدى.

بۇ خىل يېزىق شىنجاڭدا مىلادى VII ئەسىرگىچە داۋاملاشتى.

13. ئۇرقۇن يېزىقى. ھازىرقى سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنىڭ غەربىي شىمالى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى رايونلاردىن VIII — IX ئەسىرلەردىكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى تېپىلدى.

بۇنداق مەدەنىي يادىكارلىقلار دەسلەپتە ئۇرقۇن - يېنسەي ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلار ئۇنى «ئۇرقۇن يېزىقى» دەپ ئاتىدى (بەزىلەر ئۇرقۇن - يېنسەي يېزىقى، دەپمۇ ئاتايدۇ).

«سۇينامە» (隋书) دە خاتىرىلىنىشىچە، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مىلادى VI ئەسىردىلا يېزىق قوللىناتتى. بۇنداق شەكىلدىكى يېزىققا ئوخشايدىغان يېزىقلار

تۇرپان ئويمانلىقىدىنمۇ تېپىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە قەغەزگە يېزىلغان ۋە مىڭئۆيىنىڭ رەسىم سىزىلمىغان تاملىرىغا يېزىلغان ئەسەرلەر بار). لېكىن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئورقۇن ۋادىسىدىن تېپىلغانلىرىدىن بۇرۇنقىلىرى تېخى رەتلەپ پەرقلەندۈرۈلمىدى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتچىلار ھازىرغا قەدەر ئورقۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ دەۋرىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئۇنى VIII ئەسىردىن كېيىنكى يېزىقلار، دەپ قارا - قويۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىل كېسەكلىرىدىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرى III ئەسىرگە تەئەللۇق كاروشتى يېزىقىدىن بۇ خىل يېزىقلارنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى سېزىلىدى.

دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا، بۇ خىل يېزىق شەكىل جەھەتتىن تىمۇتۇن قەبىلىلىرىنىڭ رۇنىك يېزىقىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلار ئۇنى رۇنىك يېزىقى ياكى رۇنىكچە تۈرك يېزىقى، دەپمۇ ئاتاپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ خىل يېزىق ئىراندا قوللىنىپ ئۆتكەن ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئاۋىستا يېزىقى شەكلىدىن بۇرۇنقى بىر خىل شەكىل ئاساسىدا تۈزۈلگەن، يەنى كاروشتى يېزىقى بىلەن مەنبەداش يېزىق ئىدى.

بۇ خىل يېزىقنى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مىلادى XI ئەسىرگىچە قوللاندى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ خىل يېزىقنىڭ نۇسخىسى كۆرسىتىلگەن.

بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا

ۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىقى ئومۇملىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن ەدرىجىي ھالدا قوللىنىلىشتىن مەھرۇم قېلىشقا باشلىدى، ېكىن ئۇ قىتانلارنىڭ يەنە بىر خىل يېزىقىنى شەكىللەندۈرۈشىگە نۇسخا بولدى.

14. قىتان يېزىقى (كىچىك يېزىق). مىلادى 920 - يىلىدىكى قىتان خانى ئەدىبلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ ئەسلىدىكى قىتان يېزىقى (قىتانچە چوڭ يېزىق) دىن باشقا يەنە بىر خىل قىتان يېزىقىنى ئىجاد قىلغۇزغان. بۇ خىل يېزىق «قىتانچە كىچىك يېزىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل يېزىق ئورقۇن يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقى ئاساسىدا[1] تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىقى شەكىللىرىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزۈلگەن يېزىق ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەركىبىدە سىزىقلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەنزۇچە يېزىقلارمۇ بار ئىدى.

بۇ خىل يېزىق مىلادى 1191 - يىلى خان يارلىقىغا ئاساسەن قوللىنىلىشتىن توختىتىلدى. دېمەك، ئۇ قىتانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرى ئىچىدىلا بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇلغان.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان قەبرە خاتىرىلىرى بار.

شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلىرىدىن بۇنداق يېزىقى بار مەدەنىي يادىكارلىقلار تېپىلدى. لېكىن تېپىلغان ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز.

تەتقىقاتچىلار بۇ خىل يېزىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرمەكتە. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىنى قانداق ترانسكرىپسىيە قىلىش مەسىلىسىمۇ تېخى ھەل بولمىدى.

15. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى. بۇ خىل يېزىق سوغدى

يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن. ئۈنى ئۇرقۇن ۋادىسى، گەنسۇنىڭ غەربى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك قوللانغان.

ئۇرقۇن ۋادىسىدىن بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان IX ئەسىردىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى تېپىلغاندىن كېيىن، «ئۇيغۇرلار IX ئەسىردەسوغدى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، ئۇلار غەربكە (شىنجاڭغا) كۆچكەندىن كېيىن بۇ يېزىقنى بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى، بۇ خىل يېزىقمۇ يوق ئىدى» دەيدىغان خاتا كۆز قاراش ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتتى ۋە «تەۋرەنمەس يەكۈن» بولۇپ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلدى.

مىلادى V ئەسىردىلا ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇ خىل يېزىقنى قوللانغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ «تەۋرەنمەس يەكۈنى» ئاغدۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يۇقىرىدىكى خاتا يەكۈن تۇپەيلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ IX ئەسىردىن ئىلگىرىكىلىرى پەرقلەندۈرۈلمەي كەلدى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ۋە توخرى، سانسكرىت، ساك، خەنزۇ، تۈبۈت يېزىقلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم ئەسەرلىرى كۆپ. بۇنداق يېزىقتا يېزىلغان مانى دىنىي ئەسەرلىرىمۇ (تىلى تۈركچە) بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋەسىقىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىببىي ئەسەرلەر بار.

بۇددىزم شارائىتىدا قوللىنىلغان بۇنداق يېزىق قەش-

قەردە ئىسلام دىنى راۋاجلانغاندىن كېيىنمۇ خېلى بىر مەز-
گىللىكچە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇپ، پەقەت X
ئەسىردىن كېيىنلا ئىسلام شارائىتىدا تۈزۈپ چىقىلغان قارا-
خانىلار يېزىقىغا سەھنە بوشاتتى.

لېكىن ئۇ تۇرپاندا XV ئەسىرگىچە، گەنسۇدا XVII
ئەسىرگىچە قوللىنىلدى.

16. موڭغۇل يېزىقى. موڭغۇللار مىلادى 1204 -
يىلىدىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈل-
گەن موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇ ھازىرغا
قەدەر داۋاملاشماقتا.

بۇ خىل يېزىقتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە
شەكلى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ئاللىقاچان تاشلىنىپ كەت-
كەن (ئۆلگەن) ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ تەت-
قىق قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

بۇ خىل موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر شىنجاڭ-
نىڭ كۆپىنچە جايلىرىدىن تېپىلىدۇ.

17. مانجۇ يېزىقى. چىڭ سۇلالىسى (مىلادى
1644 — 1911 - يىللار) قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا مانجۇ شاھى
نۇرخاچ ۋەزىرلىرىگە يارلىق چۈشۈرۈپ موڭغۇل يېزىقى ئاسا-
سىدا يېزىق تۈزدۈرگەنىدى. بۇ خىل يېزىق مىلادى
1632 - يىلىدىن تارتىپ قوللىنىلىشقا باشلىدى. 1748 -
يىلى قايتىدىن بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغا قەدەر قوللىنىلماقتا.

شىنجاڭدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مانجۇچە ئەسەر-
لەر تېپىلىدۇ.

18. شىبە يېزىقى. شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋادىسىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شىبە تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئۇلار 1764 - يىلىدىن باشلاپ چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مانجۇ قوشۇنلىرى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى شىنجاڭ قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىلى ۋادىسىغا چېگرانى قوغداش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن 1600دىن ئارتۇق شىبە ئەسكەرلىرى (ئۇلار بىلەن كەلگەن ئائىلە تەۋەلىرى 2000 دىن ئارتۇق) دىن يەرلىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن.

شىبەلەرنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تونگۇس - مانجۇ گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

شىبە يېزىقى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

شىنجاڭنىڭ شىمالىدا XVIII ئەسىردىن كېيىنكى شىبەچە ئەسەرلەر بار.

## براھمى يېزىقى سىستېمىسى

XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا ھىندى ۋادىسىدىن تەخمىنەن مىلادىدىن XXX ئەسىر بۇرۇنقى بىر خىل ھىروگلىف يېزىق (سۈرەت يېزىق) تېپىلدى. بۇ خىل يېزىقنىڭ سىرى ھازىرغا قەدەر ئېچىلمىدى.

لېكىن مىلادى IV — III ئەسىرلەردە قوللىنىلغان براھمى يېزىقىنىڭ سىرى ئېچىلدى. ئۇ ھىندى ۋادىسىدا مىلادىدىن

بۇرۇن VI — VII ئەسىرلەردە قوللىنىلىشقا باشلىغانىدى. يېزىقشۇناسلار بۇ خىل يېزىقنىڭ شەكلىگە ئاساسەن «ئۇنى جەنۇبىي سېمىت يېزىقىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر بولسا ئارىيانلار ھىندى ۋادىسىغا كاروشتى يېزىقىنى ئېلىپ كەلگەن، براھمى يېزىقى ئەسلىدە بار بولغان دراۋىتۇ قەبىلىلىرىنىڭ يېزىقى ئىدى، دەپ قارىماقتا. مەيلى ئارىيانلار بولسۇن ياكى دراۋىتۇلار بولسۇن، بۇ يېزىقنى ھىندى ۋادىسىدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامى بىلەن «براھمى» دەپ ئاتىغان.

بۇ يېزىقتا ئاساسەن بۇددىزىمنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرىنىڭ تەلىماتلىرى يېزىلىپ، پۈتۈنلەي بۇددىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

شىنجاڭدىن براھمى يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان سەككىز خىل يېزىق تېپىلدى:

19. براھمى يېزىقى. شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىل كېسەكلىرىگە يېزىلغان يېزىقلارنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە براھمى ھەرپلىرى بار. بۇ خىل براھمى ھەرپى مىلادىدىن ئىلگىرى III ئەسىردە ھىندى ۋادىسىدا قوللىنىلغان براھمى ھەرپلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. لېكىن تېپىلغان ھەرپلەر ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈش - چۈشىنىشكە مۇمكىن بولمىدى. بىراق بۇ خىل يېزىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى شىنجاڭدىكى باشقا براھمى يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان يېزىقلارنىڭ بىۋاسىتە مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى.

20. سانسكرىت يېزىقى. بۇ خىل يېزىق قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ئەدەبىي يېزىقىدۇر. «سانسكرىت» دېگەن سۆز ئارىيان تىلىدا «بېزەلگەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يېزىقتا ئاساسەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئارىيان شېۋىسى يېزىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرى IV ئەسىردىلا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سانسكرىت گىراماتىكىسى يېزىپ چىقىلغان، ئۇنى تىلشۇناسلار «بانىنى گىراماتىكىسى» دەپ ئاتايدۇ.

ئارخېئولوگلار بۇ رايوندىن مىلادىدىن ئىلگىرى 32 - يىلدىكى سانسكرىت مەڭگۈ تېشىنى تاپتى.

يېزىقشۇناسلارنىڭ ئېنىقلاپ چىقىشىچە، بۇ خىل يېزىق مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىردىن ئېتىبارەن شۇ رايوندىكى پراكرىت تىلى (مەنىسى يەرلىك ئاۋام تىل) نى يازىدىغان باشقا يېزىقلار (مەسىلەن كاروشتى يېزىقى) نىڭ ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلاپ، سامۇدرا گۇپتاخان زامانىسى (مىلادى 340 — 375 - يىللار) دا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ بىردىنبىر دىنىي يېزىقى بولۇپ قالغان. شۇ زامانلاردا باشقا جايلارغا تارقالغان بۇددا دىنى دەل مۇشۇ خىل يېزىقنى بىردىنبىر ۋاستە قىلغان (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇددىزم شىمال تەرەپكە سانسكرىت يېزىقى ئارقىلىق جەنۇب تەرەپكە بولسا پالى يېزىقى — سانسكرىتتىن كۆپ پەرق قىلمايدىغان، لېكىن تىلى ئاۋام تىلىغا مايىل بىر خىل يېزىق — بىلەن تارقالغانىدى).

بۇ يېزىق ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆز شەكلىنى ساقلاپ كەلدى. مىلادى VII ئەسىرگە كەلگەندە بىر قېتىم ئىسلاھ

قىلىندى. بۇ قېتىمدا ئىسلاھ قىلىنغان يېزىق شەكلى «دېۋاناگارى يېزىقى» (مەنىسى ئىلاھ دەرگاھى، يەنى «جەننەت» يېزىقى) دەپ ئاتالدى. ھازىرقى زامان ھىندى يېزىقى دەل مۇشۇ شەكىل ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

شىنجاڭنىڭ قەشقەر، مارالبېشى، خوتەن، كۇچار، تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن قېيىن قوۋزىقىغا، تارىشىغا، تېرىگە، قەغەزگە يېزىلغان سانسكرىتچە بۇددىزىم ئەسەرلىرى تېپىلدى. ھازىر بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش دەۋرىنى مىلادى III — VIII ئەسىرلەرگە مەنسۇپ، دەپ قارىماقتا. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەزھەپلەرنىڭ ئەسەرلىرى بار.

سانسكرىت يادىكارلىقلىرى تەتقىق قىلىنغۇچە قەدىمكى ئارىيان خەلقلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەتلىرى دۇنياغا تونۇلماي كەلگەنىدى. بۇ يېزىق دەسلەپتە ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان دەۋردە غەرب ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشقا باشلىدى. شۇ زامانلاردا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى «ھىندىستان مەدەنىيىتىنى غەربتىن كەلگەن» دەپ سۆزلەيتتى، ھىندىستاننىڭ يەرلىك زىيالىيلىرىمۇ ئۆزىدە يېتەرلىك بىلىم بولمىغانلىقتىن شۇ مۇقامغا دوست تارتىشىپ بېرەتتى.

سانسكرىت يېزىقىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە «غەربتىن كەلگەن» دېيىلگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىلا قەدىمكى ھىندىستاندىكى ئارىيان مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربكە بارغانلىقى، يەنى ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىقلاندى. ھەتتا دۇنيادىكى بىرمۇنچە چوڭ - چوڭ

تىللار، مەسىلەن، ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى سانسكرىت تىلىدىن تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن «ھىندى - ياۋروپا تىللىرى» دېگەن ئاتالغۇ مەيدانغا كەلدى. ھىندىستان مىللىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ بىرى بولغان ئارىيانلارنىڭ شانلىق تارىخىي مەدەنىيەتلىرىدىن غۇرۇر ھېس قىلىپ، ئۆزلىرىنى دۇنيادا «قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت» دەپ قارايدىغان مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويالايدىغان بولدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كەمسىتىشىگىمۇ يول قالمىدى.

سانسكرىت يېزىقى دۇنيادىكى قەدىمكى تىللارنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتلىك. چۈنكى قەدىمدە شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن سانسكرىتچە ئەسەرلەردىن ئۇيغۇرلار پايدىلانغان، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. ھازىر سانسكرىت تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا، بىرمۇنچە تەلەپپۇزى، مەنىسى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە يېقىن سۆز تومۇرلىرى بارلىقى سېزىلمەكتە (بۇ تېمىدىكى تەتقىقاتلىرىم كەلگۈسىدە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ).

21. توخرى يېزىقى (ئا). 1903 — 1905 - يىللاردا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن گرونۋېدېل، لېكوك ئەپەندىلەر شىنجاڭنىڭ كۇچار، قاراشەھەر ناھىيىلىرى تەۋەسىدىن بىرمۇنچە قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئەسەرلەرنى سانسكرىتشۇناسلار ئوقۇپ كۆرۈپ، سانسكرىت تىلىغا ئوخشايدىغان، مەسىلەن، «مايترىسىمىت دراممىسى» دېگەنگە

ئوخشاش سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرنىڭ تىل مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنەلمىگەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ نومۇر قويغاندا نىمىدەپ ئاتاشنى ھەل قىلماي، ۋاقىتىنچە «تونۇلمىغان مىللەت يېزىقى (ئا)» دەپ ئاتاپ تۇرغان.

1907 - يىلى مەشھۇر يېزىقشۇناس مۇللېر ئەپەندى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترىسىمىت» دراما سىنىڭ ئىزاھاتلىرىدىكى «توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىندى» دېگەن سۆزنى پاكىت قىلىپ، ئۇنى «توخرى يېزىقى (ئا)» دەپ بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

40 - يىللاردا فرانسىيە ئارخېئولوگلىرى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن توخرى مەڭگۈ تاشلىرىنى تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىلىم سەھنىسىدە بىر قېتىملىق «قەلەم غوۋغاسى» باشلاندى. بەزىلەر «ئافغانىستاندىن تېپىلغاننى توخرى يېزىقى»، «قاراشەھەردىن تېپىلغاننى قاراشەھەر يېزىقى» دەپ ئاتاش كېرەك دېيىشتى... نەتىجىدە «قاراشەھەردىن تېپىلغانلارنىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىكى بايانلارغا ھۆرمەت قىلىپ يەنىلا توخرى يېزىقى، دەپ ئاتاۋېرىش كېرەك» دېگەن يەكۈن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

توخرى يېزىقى (ئا) نىڭ ھەرپلىرى براھمى يېزىقىنىڭ گۇپتا خانلىقى دەۋرىدىكى شەكلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن، تىلشۇناسلار ئۇنى قىيپاش سىزىقلىق براھمى، دەپمۇ ئاتايدۇ. شۇنداقلا ئۇنى مىلادى V — VIII ئەسىرلەردە قوللىنىلغان، دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل يېزىق ئاساسەن قاراشەھەر بىلەن تۇرپاندىن تېپىلىۋاتىدۇ.

قەدىمدە توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. مەسىلەن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئاغزاكى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ دىننىڭ جۇڭگودا تارقىلىشىغا يول ئاچقان كىشى دەل توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن ئىدى.

بۇ خىل يېزىق تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ سانسكرىتقا قارىغاندا تېخىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سانسكرىتچە تەلەپپۇز بىلەن ئەمەس، بەلكى توخرى تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن قوبۇل قىلىنغان. جۈملىدىن بۇ خىل يېزىق شىنجاڭنىڭ تارىخىي تىللىرى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىمەكتە.

توخرى تىلى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ، دۇنيادىكى باشقا سىستېمىداش تىللار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىمۇ پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان «مايترىسىمىت» دىرامىسىنىڭ پارچىلىرىنى ھازىر مەشھۇر ئالىم جى شيەنلىن ئەپەندى تەتقىق قىلماقتا.

22· توخرى يېزىقى (ب). بۇ خىل يېزىقتا توخرى تىلىنىڭ كۇچار شېۋىسى يېزىلىدۇ. بۇ خىل يېزىق تەتقىق

قىلىنماستا «تونۇلمىغان مىللەت يېزىقى (ب) دەپ ئاتالغاندى. چۈنكى ئۇ توخرى يېزىقى (ئا) دىن پەرق قىلاتتى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەردە يەرلىك شىۋە ناھايىتى كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ خىل يېزىق قاراشەھەر ۋە تۇرپاندىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى توخرى يېزىقى (ئا) دىن كەڭ. براھمىچە تۈرك يېزىقى دەل مۇشۇ خىل يېزىق ئاساسىدا تۈزۈلگەن. بۇ خىل يېزىقنىڭ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى پايدىلىنىش قىممىتى ئالدىنقىسىدىن يۇقىرى، ئالدىنقى شەكىلدە بۇددىزم ئەسەرلىرىلا يېزىلغان، لېكىن بۇ خىل يېزىقتا بولسا بۇددىزم ئەسەرلىرىدىن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەرمۇ يېزىلغان.

23. ساك يېزىقى. بۇ خىل يېزىقمۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ گۇپتا خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان يېزىق شەكلىدىن تۈزۈلگەن. ئۇنى يېزىقشۇناسلار تۈز سىزىقلىق براھمى يېزىقى، دەپمۇ ئاتايدۇ. يەنە بىر مۇنچە تەتقىقاتچىلار ئۇنى «خوتەن ساك يېزىقى» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ خىل يېزىق خوتەن دائىرىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى مارالبېشى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىنمۇ تېپىلدى. ئۇنىڭ تارقالغان دائىرىسىمۇ كەڭ.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرى، ساياھەت خاتىرىلىرى، پادىشاھلارغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر، تىببىي ئەسەرلەر، لۇغەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ۋەسىقىلەر بار.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ يىل ـ دەۋرىنى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى مىلادى VI — X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل يېزىقنىڭ تىلى دەسلەپكى تەتقىقاتلاردا ئىران تىلى، دەپ قارالغانىدى. كېيىنكى ئۇزۇن مەزگىللىك تەتقىقاتلار ئارقىلىق، ئۇنىڭ شەرقىي ئارىيان تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر شىنجاڭدا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى قەبىلىلەر ـــ ساك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ خىل يېزىقنى تەتقىق قىلىش تېخى جۇڭگودا باشلانمىدى.

24. براھمىچە تۈرك يېزىقى. كۇچار، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەر تېپىلدى. دەسلەپتە بۇ خىل يېزىق براھمى يېزىقى، دەپ قارا ـ قويۇق مۇئامىلە قىلىنىپ تونۇلغانىدى. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا ئۇنىڭ تىلى قەدىمكى تۈرك تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن «براھمىچە تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالدى.

بۇ خىل يېزىق توخرى يېزىقى (ب) غا ئاساسەن تۈزۈلگەن. بىراق، بۇنىڭدا مۇھىم ئىسلاھاتلار بولغان. تۈركىي تىللارنى توغرىراق ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر قىسىم بەلگىلەر قوشۇلغان.

بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىر بۆلىكىنى مەش-

ھۆر قەدىمكى تۈركىي تىللار ئالىمى ئا. فون. گابايىن تەتـ
قىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئەسەرلەردە توخرى تىلىدىن
تۈركىي تىللارغا قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار كۆپ ئۇچرايدۇ.
بۇ خىل يېزىق ماتېرىياللىرى قەدىمكى توخرى تىلىدا سۆزـ
لىشىدىغان خەلقلەر بىلەن تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان
خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق
قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا بۇ خىل يېزىقنى
تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قايسى بۆلىكى
ۋە قايسى دەۋرىدە قوللانغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن
يوق ئىدى.

مىلادى 567 ـ يىلى، غەربىي تۈرك دەپ ئاتالغان
تۈرك قوۋملىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتـ
قان يەپتال (嚈哒) ئاق ھونلار، دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لارنىڭ
ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇ تارىختا غەرـ
بىي تۈرك ھاكىمىيىتى، دەپ ئاتىلىدۇ. مىلادى 582 ـ يىلىـ
غا كەلگەندە، بۇ تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈـ
نۈش پەيدا بولۇپ، غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى پەقەت ھازىرقى
شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم
رايونلارنىڭ دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالىدۇ ۋە مىلادى 659 ـ
يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يىمىرىلىدۇ.
مۇشۇ زامانلاردا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ
بۇ بىر بۆلىكى كۇچارنىڭ توخرى يېزىقلىرى بىلەن تونۇشۇش
پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. دېمەك بۇ خىل براھمىچە

تۆرك يېزىقىنى دەل شۇزامانلاردىكى غەربىي تۆرك يېزىقى، دەپ قاراش كېرەك.

25. تۆبۆت يېزىقى. ئارخېئولوگلار شىنجاڭدا تۇرپان، مىرەن قاتارلىق جايلاردىن تارىشىغا ۋە قەغەزگە يېزىلغان تۆبۆتچە قول يازما يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ يادىكارلىقلار مىلادى IX ئەسىرگە تەئەللۇق.

تۆبۆت يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا، هازىر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل كۆز قاراش بار. شىزاڭنىڭ زاڭزۇ ئەدىبلىرى ئۇنى مىلادى 639-يىلى براهمى يېزىقىنىڭ كەشمىردە قوللىنىلغان شەكلىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، دەپ قارايدۇ. باشقا بىر بۆلۈك ئالىملار بولسا تۆبۆت يېزىقىدا بەزى بەلگىلەر ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا خوتەندىن تېپىلغان ساك يېزىقىغا كۆپرەك ئوخشايدۇ. بۇ خىل يېزىقنىڭ ساك يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇشى ئەقىلغە مۇۋاپىق، دەپ قارايدۇ. بۇھەقتە تېخى ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن يوق. ئەمەلىيەتتىمۇ، تۆبۆت قوۋملىرى خۇددى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك «تۈرك ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن» بىر قوۋم ئىدى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن براهمى يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىقلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

26. باسبا يېزىقى. موڭغۇللار ئىچىدە لاما دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، مىلادى 1269-يىلى موڭغۇل خانلىرى يەنە بىر خىل يېزىق تۈزدۈرۈپ، ئۇنى 1272-يىلىدىن باشلاپ قوللاندى. بۇ خىل يېزىقنى تۆبۆت لاماسى باسبا تۆبۆت يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن تىل-

شۇناسلار ئۇنى «باسبا يېزىقى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

بۇ خىل يېزىق موڭغۇللار ئىچىدە كۆپ ۋاقىت قوللىنىلمايلا 1310 - يىلى بىكار قىلىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن موڭغۇل يېزىقىنى قوللىنىش قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

شىنجاڭنىڭ شىمالىدىن باسبا يېزىقى بار يارماقلار تېپىلدى.

## جۇڭگو مىنگو دەۋرىدىكى يېزىق ئىسلاھاتى

جۇڭگو ئارخېئولوگىيىسى 60 - يىللاردىن بۇرۇن يۈەن، مىڭ سۇلالىرى دەۋرىگىچە (مىلادى 1279 — 1644 - يىللىرىغىچە) بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئىسپاتلاشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلاتتى. بۇ ئۇقۇم بويىچە تەكشۈرگەندە شىنجاڭدا 25 خىل قەدىمكى يېزىق (يەنى 1632 - يىلى تۈزۈلگەن مانجۇ يېزىقىغىچە) بار. 70 - يىللاردىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، يەنى 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى زامانىسىغىچە بولغان يىللاردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئىسپاتلاشمۇ ئارخېئولوگىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئۇقۇم بويىچە XVIII ئەسىردە تۈزۈلگەن شىبە يېزىقىنى قوشقاندا شىنجاڭدىن تېپىلدىغان قەدىمكى يېزىقلار 26 خىلغا يېتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا قەدىمكى كىتابلارنى توپلاش، رەت-

لەش، نەشر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن،
جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب -
ماتېرىياللارنىڭ جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى (1911 — 1949 -
يىللار) دىكىلىرىنىڭ قەدىمكى كىتابلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئۇقۇم بويىچە بولغاندا، شىنجاڭدا يەنە جۇڭخۇا مىن-
گو دەۋرىدە قوللىنىلغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىدىن
ئالتە خىل يېزىق بار. ئۇلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى،
قازاق يېزىقى، قىرغىز يېزىقى، ئۆزبېك يېزىقى، تاتار يېزى-
قى ۋە تاجىك يېزىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنى قوش-
قاندا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى 32 خىلغا يېتىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە «ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلاھاتى»
دېگەن قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇ 1951 - يىلدىن
كېيىن ئوڭشالدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق:

1920 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدە ياشا-
ۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە يېزىق ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا
مۇلاھىزە باشلاندى. 1929 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەخ-
تى سەمەرقەنتتە 1 - قېتىملىق ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ
قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، 1936 -
يىلى «ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىنلاشتۇرۇش» يولغا قويۇلدى
ۋە «لاتىن ھەرپى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى
لايىھىسى» ئېلان قىلىندى.

بۇ زاماندا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ياڭ زېڭشىڭ، جىن
شۇرېن قاتارلىق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ «خەلقنى
نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتى شارائىتىدا
تۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا يۇقىرى قاتلاملاردىكى ئاز سانلىق

زىيالىيلار ۋە ئاخۇن، موللىلاردىن باشقا يېزىق تونۇيدىغان خەلق ناھايىتى ئاز ئىدى.

بۇ زاماندا چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلاتتى. خەلقتە يېزىق ئۆگىنىش، يازما ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى يوق بولغان ئەھۋالدا، يېزىق ئىسلاھ قىلىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدىكى ئىلغارلىققا ئىنتىلگۈچى كۈچلەرنىڭ تۈرتكىسى ئارقىلىق «خەلقنى نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتى بىكار قىلىنىپ، 1937 - يىلى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان «ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى لايىھىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھىدە ئەرەب، چاغاتاي يېزىقلىرىدىكى تەكرار ئاھاڭلار ئېلىپ تاشلاندى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنى قوشۇپ يېزىش سوۋېتتىكى «لاتىنلاشقان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى» نىڭ گرامماتىكا قائىدىسىگە ئوخشاش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل يېزىق — ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار رۇس تىلىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئۇيغۇر يېزىقىنى سلاۋيانلاشتۇرۇشقا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىلى «سلاۋيانچە ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى لايىھىسى» ئوتتۇرىغا چىقتى.

شىنجاڭدا لاتىنچىلاشقان ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى

قوبۇل قىلىنماي چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغاندىن كېيىن، سوۋېتتە نەشرىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن شىنجاڭدا قوللىنىلغان چاغاتايچە يېزىق ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى ھەرپلىرىنىمۇ تەييارلاپ قويۇش ۋە بۇ خىل يېزىقتىمۇ كىتاب نەشىر قىلىشقا توغرا كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرپلىرى شىنجاڭدىكىدىن يەنىلا پەرقلىنەتتى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا سانى كۆپ بولمىغان، لېكىن ئىككى دۆلەت تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىككى-ئۈچ خىل يېزىق قوللىنىدىغان قالايمىقانچىلىق تۇغۇلدى.

سوۋېتتىكى ئۇيغۇرلار يېزىقنى سلاۋيانلاشتۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا زىيالىيلار ئىچىدە مۇنازىرە كۆپىيىپ ئىككى تەرەپ شەكىللەندى: بىر تەرەپ، بۇرۇنقى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى تەكىتلىدى. يەنە بىر تەرەپ بولسا، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن يېزىق ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇجەھەتتىكى مۇنازىرە خۇلاسىلىنىپ بولغىچە، 1949 - يىلى يېتىپ كەلدى. 1950 - يىل 10 - ئايدا، شىنجاڭدىكى تىنچلىقنى قوغداش دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە تىل-يېزىق كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1951 - يىلى ئالمۇتادا چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنغان «ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسى» ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىقى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

(بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىق ئەھۋالى بۇ ماقالىنىڭ دائىرىسى ئەمەس، شۇڭلاشقا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەلەم توختىتىشقا توغرا كەلدى.)

دېمەك، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى ئۇيغۇرلار «يېزىق ئىسلاھاتى» بىلەن بولۇپ ئۆتكەن بىر دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا قازاق يېزىقى، قىرغىز يېزىقى، ئۆزبېك يېزىقى، تاتار يېزىقى، تاجىك يېزىقى قاتارلىق شىنجاڭدىكى كونا يېزىقلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇيغۇر يېزىقى باشتىن كەچۈرگەن جەريانلار بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، بۇ يېزىقلارنىڭ مەنبەسىمۇ بىر، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاغاتاي يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

## شىنجاڭدىكى تارىخىي يېزىقلارنىڭ ئورتاقلىققا قاراپ يۈزلىنىشى

تۆۋەندە شىنجاڭدىكى تارىخىي يېزىقلارنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، مەنبەسى، ئاخىرلاشقان ۋاقتى ۋە شۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن يېزىقلار، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاخىرلىشىشى ياكى داۋاملىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا خەرىتىلەشتۈرۈپ چىقىلدى:


براھمى يېزىقى سىستېمىسى
ئەرەم يېزىقى سىستېمىسى
خوشا يېزىقى سىستېمىسى

يۇقىرىدا كۆرۈلگەن تارىخىي يېزىقلار، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن 1949 - يىلغىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي دەۋر ئىچىدە شىنجاڭدا تارقىلىپ ئۆتكەن قەدىمكى ئەسەرلەر يېزىقلىرى بىلەن 22 خىل تارىخىي تىل يېزىلغان: (1) قەدىمكى خەنزۇ تىلى (خەرىتىدىكى ①، ② )؛ (2) قەدىمكى تۈبۈت تىلى (خەرىتىدىكى ⑯)؛ (3) قەدىمكى ئارىيان تىلى (خەرىتىدىكى ⑤، ⑲، ⑳)؛ (4) قەدىمكى پەھلىۋى تىلى (خەرىتىدىكى ⑧، ⑫، ⑬)؛ (5) قەدىمكى ساك تىلى (خەرىتىدىكى ㉑ )؛ (6) قەدىمكى توخرى تىلى (خەرىتىدىكى ㉒، ㉓)؛ (7) يېقىنقى زامان تاجىك تىلى (خەرىتىدىكى ㉜ )؛ (8) قەدىمكى ئەرەب تىلى (خەرىتىدىكى ⑨)؛ (9) يەھۇدى تىلى (خەرىتىدىكى ⑭)؛ (10) قەدىمكى تۈرك تىلى (خەرىتىدىكى ②، ⑥، ⑬، ㉔، ⑩)؛ (11) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (خەرىتىدىكى ⑮، ②، ⑩، ⑥، ⑬، ㉔)؛ (12) چاغاتاي تىلى (خەرىتىدىكى ⑪)؛ (13) غەربىي شىيا تىلى (خەرىتىدىكى ③)؛ (14) قىتان تىلى (خەرىتىدىكى ④، ⑦)؛ (15) موڭغۇل تىلى (خەرىتىدىكى ⑯، ㉖)؛ (16) مانجۇ تىلى (خەرىتىدىكى ⑰)؛ (17) شىبە تىلى (خەرىتىدىكى ⑱)؛ (18) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى (خەرىتىدىكى ㉗)؛ (19) يېقىنقى زامان قازاق تىلى (خەرىتىدىكى ㉘)؛ (20) يېقىنقى زامان قىرغىز تىلى (خەرىتىدىكى ㉙)؛ (21) يېقىنقى زامان ئۆزبېك تىلى (خەرىتىدىكى ㉚)؛ (22) يېقىنقى زامان تاتار تىلى (خەرىتىدىكى ㉛).

يۇقىرىدىكى (1)، (2) دىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. (3)، (4)، (5)، (6)، (7)

دىن ئىبارەت بەش خىل تىل ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى (ھىندى ـ ئىران تىللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سىستېمىسىغا كىرىدۇ. (8)، (9) دىن ئىبارەت ئىككى خىل تىل ھام ـ سام تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى — (10)، (11)، (12)، (13)، (14)، (15)، (16)، (17)، (18)، (19)، (20)، (21)، (22) دىن ئىبارەت 13 خىل تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە موڭغۇل، مانجۇ، شىبە تىللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدىن باشقا ئون خىل تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ ئون خىل تۈركىي تىل 12 خىل يېزىق (خەرىتىدىكى ②، ⑥، ⑬، ㉔، ⑩، ⑮، ⑪، ㉗، ㉘، ㉙، ㉚، ㉛) بىلەن يېزىلغان. بۇ 12 خىل يېزىقنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار قوللىنىپ ئۆتكەن يېزىقلار سەككىز خىل (خەرىتىدىكى ②، ⑥، ⑩، ⑪، ⑬، ⑮، ㉔، ㉗).

شىنجاڭدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۈچ خىل يېزىق بار: خەن سۇلالىسى يېزىقى، كاروشتى يېزىقى، براھمى يېزىقى. بۇنىڭ ئالدىنقىسىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن. كېيىنكى ئىككى خىلىنى تارىم ۋادىسىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر قوللانغان، يەنى ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقلىرى.

مىلادى V — VI ئەسىرلەردە سەككىز خىل يېزىق بارلىققا كەلدى (خەرىتىدىكى ②، ⑫، ⑮، ⑳، ㉑، ㉒، ㉓، ㉔). بۇنىڭ ئىچىدىكى خۇاشىيا سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەن سۇلالىسى يېزىقىدىن قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىللىرىنى يېزى-

دىغان قۇجۇ يېزىقى؛ ئەرەم يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان سوغدى يېزىقىدىن قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ براھمى يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان توخرى يېزىقى (ب) دىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان براھمىچە تۈرك يېزىقى شەكىللەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭغا يەنە بەش خىل يېزىق (خەرىتىدىكى⑧، ⑥، ⑨، ⑬، ㉕) يېتىپ كەلدى. مۇشۇ V ئەسىر ئىچىدە بۇ 13 خىل يېزىق «بەيگىگە چۈشتى».

بۇ دەۋر شىنجاڭدا ئاساسەن بۇددىزىم تازا تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ «بەيگە» نىڭ نەتىجىسىنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن چۈشەنگەندە، بۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدا ھىندى ـ ياۋروپا، ھىندى ـ ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملار بولغان. ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالالىغان. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تىلىمۇ ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل تىل ۋەزىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەن ... بۇنداق ئەھۋالنى مەھمۇت قەشقەرى «بۇزۇلغان تۈركىي تىل» دەپ ئاتىغان. دېمەك، بۇددىزىم دەۋرىدە، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ زامانداشلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىكى مۇۋاپىق ئېلېمېنتلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ بولغان. ئۇلارمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن مىللەتداش بولۇپ بولغان («تۈركىي تىللار دىۋانى» 39 ـ بەتكە قاراڭ).

X ئەسىردە شىنجاڭغا ئىسلام دىنى يېتىپ كەلگەندىن

كېيىن ئەرەب يېزىقى سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئەرەب يېزى-
قىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىللىرىنى يازىدىغان «قاراخانىلار
يېزىقى» بارلىققا كەلدى. جۈملىدىن، تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا
سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىلگىرىكى بۇددىزمنى تاشلاپ ئىسلام
شارائىتىغا ماسلىشىشقا ۋە ئىلگىرىكى يېزىقلىرىنى بىكار
قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا مىلادىدىن
ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن X ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەل-
گەن باشقا ئون نەچچە خىل يېزىق ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپە-
تەرىپلىرىنى ئاققۇزىدىغان «بازار» بولمىغاچقا، تەدرىجىي
هالدا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

XIV ئەسىردە، شىنجاڭدا يېزىق جەھەتتە بىر قېتىم
چوڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. يەنى ئىس-
لام پەلسەپەسى ۋە تەبىرلىرىنى يازىدىغان قاراخانىلار يېزىقى
ئاساسىدا چاغاتاي يېزىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ يېزىق بى-
لەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى قاراخانىلار يېزىقىدا
يېزىلغان ئەسەرلەردىن تېخىمۇ باي، تېخىمۇ ئاممىباب، تە-
سىرى تېخىمۇ چوڭ بولدى. يەرلىك ئەهلى - ئىلمىلەر بۇ
خىل يېزىق بىلەن ھەتتا ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرى-
دىمۇ ئەسەر يېزىپ، چەت ئەللەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە
يۈزلەندى.

بۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنرەك شىنجاڭغا يېتىپ
كەلگەن باشقا يېزىقلار (خەرىتىدىكى ⑯، ㉖، ⑭، ⑰، ⑱)
نىڭ شىنجاڭدا يەرلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. سىياسىي ئېھ-
تىياج بىلەن داۋاملىشىۋاتقان يېزىقلار (مەسىلەن، خەرىتىدى-
كى ①) مۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار پەقەت شىنجاڭغا كېيىن

كەلگەن باشقا قوۋملار ئۆز تىلىنى يازىدىغان يېزىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى.

XX ئەسىرگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى چاغاتاي يېزىقىدىن بەش خىل يېزىق (خەرىتىدىكى ㉗، ㉘، ㉙، ㉚، ㉛) ئىسلاھ قىلىنىپ چىقتى. ئۇلار تۈركىي تىللارنىڭ ئوخشىمىغان شىۋىلىرىنى يېزىشقا مۇۋاپىقلاشتى.

× ×

قەدىمكى تارىخىي يېزىقلارنى چوقۇم تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ زامانداشلىرى (دوستلىرى ياكى رەقىبلىرى) نىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بار. بۇ تەتقىقات قەدىمكى مەدەنىيەتلىرىمىزنىڭ جەۋھىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، تارىختىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز، مۇندىن كېيىن يەنە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتەلىشىمىز ئۈچۈن مەنىۋى قايتا ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى تارىخىي يېزىقلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يېمىرىلمەس ئىرادە ـ شىجائەت بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئىلمىي ئۇسۇلمۇ بولۇشى كېرەك. قەدىمكى خەن سۇلالىسى تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن هازىرقى خەنزۇ تىلىنى كۆۋرۈك قىلىشقا بولىدۇ. سوغدى، مانى، سۇرىيە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن هازىرقى موڭغۇل يېزىقىنىڭ ھەرپ شەكىللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. براھمى يېزىقى

سىستېمىسىدىكى قەدىمكى يېزىقلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھاـ زىرقى ھىندى يېزىقى ھەرپلىرىدىن ۋە زاڭزۇ يېزىقى ھەرپـ لىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. كاروشتى، توخرى، ساك يېـ زىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈـ چۈن سانسكرىت تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن پايدىلىنىپ سىـ لىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

1983 - يىل 7 - ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋە 7 - ئايـ نىڭ 14 - كۈنىدىكى سانلىرىدا پارچىلاپ ئېلان قىلىنغان. ئېلان قىلىنـ مىغان قىسمى بۇماقالىدە تولۇقلاندى.)

# تارىختىكى «ئۇيغۇر زەمبىرەكى»

«سۇڭ تارىخى» (宋史) نىڭ «ئەسكەر ـ ياراغ تەپـ
ـسىراتى» بابىدا قەيت قىلىنىشىچە، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىدە
چۇلشىنىڭ 9 ـ يىلى (مىلادى 1182 ـ يىلى) چېگرا رايونـ
(ردىكى ۋىلايەتلەردە «خۇي ـ خۇي زەمبىرەكى» (回回炮)
كە تەقلىت قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر ئەپچىللىك، يىراقـ
ـنىكى نىشانغا تەگكۈزۈش جەھەتلەردە بۇرۇنقى زەمبىرەكلەرـ
ـىن ئېشىپ چۈشتى، دېگەن بىر يېڭى خەۋەر (ھەربىي تېخـ
ـنىكا جەھەتتىكى بىر چوڭ يېڭىلىق) تارقالغان ①.

(بۇ تارىخىي خاتىرىدىكى «پاۋ» (炮) دېگەن خەت
ۇ يەردە كۆيدۈرگۈچ نەرسىنىڭ پارتلاش كۈچىنى نو شەـ
ـىللىك ئەسۋاب ئارقىلىق جارى قىلدۇرىدىغان زەربە بەرـ
ـۈچ قورال ــ زەمبىرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. لېـ
ـنى شۇ زاماندىن بۇرۇن، بۇ خەت تېۋىپلەرنىڭ دورا ياـ
ـاش. جەريانىدىكى كۆيدۈرۈش، قورۇتۇش، قاقلاشتىن ئىباـ
ـەت ئىش ـ ھەرىكىتىنىلا بىلدۈرەتتى.)

ئەينى زاماندا بۇنداق بىر يېڭى ھەربىي قورالنىڭ
ـەشپ قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ «خۇي ـ خۇي زەمـ

بىرىكى» دەپ ئاتالغانلىقى بۇ كەشپىياتنىڭ ئىگىسىنى ۋە ئۇنىڭ زامانىمىزدىكى ۋارىسىنى چۈشىنىشكە بىۋاستە ياردەم بېرىدۇ.

«خۇي - خۇي» (回回) دېگەن نام مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان «مېڭشى بېغىدا پۈتۈلگەن تەپسىرات» (梦溪笔谈) دېگەن كىتابتا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا بۇ نامنىڭ «ئۇيغۇر» (回鹘) دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن. جۈملىدىن، ئەينى زاماندا يېڭىدىن كەشپ قىلىنغان بۇ خىل ھەربىي ياراغنىڭ نامى «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» ئىدى.

فەن ۋېنلەن ئەپەندى يازغان «جۇڭگو تارىخى» دا جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدىكى قورال - ياراغلار ھەققىدە بېرىلگەن بايانلارغا قارىغاندا ②، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىدە، شاۋشىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1132 - يىلى) «ئوت نەيزە» (长竹竿火枪 ياكى 火箭) ياسىلىپ چىققان. ئۇ بولسا قەغەزنى 16 قات چاپلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا نو شەكىللىك ئەسۋاب ياساپ، ئۇنى ئۇزۇن نەيزىنىڭ ئۇچىغا باغلاپ، جەڭلەردە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلايدىغان قورال ئىدى. بۇنداق «ئوت نەيزە» دىن چىققان ئوت ئون گەز چامىسىدىكى دائىرە ئىچىدە زەربە بېرەلەيتتى.

مىلادى 1225 — 1227 - يىللارغا كەلگەندە، بۇنداق «ئوت نەيزە» نىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان نو شەكىللىك ئەسۋاب بامبۇكتىن ياسىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئىچىگە كومۇلا داشقالمۇ سېلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە

ئۇن قەدەم يىراقلىقتىكى دۈشمەنگە زەربە بەرگىلى بولىدىغان بولدى.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن «ئوت توپ (火球)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئەسكىرىي قورالمۇ بولۇپ ئۆتكەن. مەسىلەن، مىلادى 1161 - يىلى چاڭجياڭ دەرياسىدا جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى بىلەن جىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، جەنۇبىي سۇڭ ئەسكەرلىرى گۆڭگۈرت، هاك قاتارلىقلارنى قەغەزگە ئوراپ، قارشى تەرەپنىڭ كېمىلىرى يېقىنلاشقاندا سۇغا تاشلىغان. هاك سۇدا ئۆرۈكۈپ، گۆڭگۈرتكە ئوت تۇتىشىپ، «ئوت توپ» سۇدىن ئېتىلىپ چىقىپ پارتلاپ، ئەتراپنى ئىس - تۈتەك قاپلىغان. لېكىن ئۇنى يىراقتىكى نىشانغا ئاتقىلى بولمايتتى.

مىلادى 1265 — 1274 - يىللاردىكى ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلەرگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر ئالا- (回回炮) ھىدە بىر خىل ئەسكىرىي قورال بولۇپ چىققان.

جىن دۆلىتى بىلەن موڭغۇل دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، جىن دۆلىتى بۇ خىل يىراقتىكى نىشاننى پارتلىتىدىغان قورالنى ئىشلەتكەن. بۇنداق زەمبىرەكتىن ھەر قېتىم ئېتىلغان ئوق يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، يېرىم مو كېلىدىغان دائىرە ئىچىدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەن.

شۇ زامانلاردا، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىمۇ قارشى تەرەپنىڭ قەلئەلىرىگە يىراقتىن تۇرۇپ ئوق ئاتىدىغان بۇنداق زەمبىرەكلەرنى كۆپ ئىشلەتكەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي بايانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر زەمبىرەكچى

ۋە ئۇنىڭ رولى، ئۇنۇمى ھەققىدە تېخىمۇ مۇئەييەن چۈشەنـ
چە ھاسىل بولىدۇ. جۈملىدىن، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زەمـ
بىرىنكى بىر يېڭى كەشپىيات ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي
قورال بولۇپ قالغان.

يۇقىرىدا نامى ئاتىلىپ ئۆتكەن «جۇڭگو تارىخى» نىڭ
491 - بېتىدە يەنە موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىـ
كى شەھەر - قەلئەلەرنى ئالغاندا، ئۇ يۇرتلاردىكى ھۈنەر-
ۋەن - ئۇستىكارلارغا چېقىلماسلىق توغرىسىدىكى خان تەرەپتىن
چۈشۈرۈلگەن يارلىقنى ئەستە تۇتۇپ، ئۇلارنى زەخمىلەندۈر-
مەي تۇتۇپ خان ئوردىسىغا تاپشۇرغانلىقى؛ ئۇستىكارلار
ئىچىدە ھەربىي قورال - ياراغ ئۇستىلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
زەمىنىدىكى ياسايدىغان ئۇستىلار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ
مۇئامىلە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە، جىزيۇەننىڭ 16 - يىلى (مىلادى 1279 - يىلى) ھەمـ
مە جايدىكى ئۇيغۇر زەمىنىدىكى ياساشنى بىلىدىغان ئۇستىـ
لارنى تايىدۇ (ھازىرقى بېيجىڭ) غا يىغىش توغرىسىدا خانـ
دىن يارلىق چۈشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

مىلادى 1040 — 1044 - يىللاردا يېزىلغان «ئەلەم
ھەققىدىكى تەپسىراتلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» (武经总要)
دېگەن كىتابتا ئۈچ خىل كۆيدۈرگۈچ دورا رېتسىپى خاتىـ
رىلەنگەن. «جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىـ
تابنىڭ 2 - توم 6 - بېتىدە بۇ دورا رېتسىپلىرى ئۈستىدە
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ دەۋردە قوللىنىلغان كۆيدۈر-
گۈچ دورىلارنىڭ تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت بىلەن ئىشقارنىڭ
مىقدارى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى رېتسىپلاردىن چوڭ پەرق قىـ

لىمدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە پارتلاپ كۆيدۈرىدىغان دورا ياساش ئۇسۇلىدا ئىلگىرىلەش بولغان. ئۇ پەقەت پارتلىتىش، ئىس-تۈتەك پەيدا قىلىش مەقسىتىدىلا قوللىنىلغان. لېكىن بۇ دەۋردە «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دەك ئۈنۈملۈك قورال تېخى مەيدانغا كەلمىگەن. بۇنداق قورال پەقەت ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەنۇبىي سۇڭ دەۋرىدە «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» گە تەقلىد قىلىپ ياسىلىشقا ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان «جۇڭگو تارىخى»نىڭ 483-بېتىدە. سۇڭ دۆلىتى «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» گە تەقلىد قىلىپ ياساپ چىققان زەمبىرەكلەرنىڭ ئەينى زاماندا ناھايىتى ئىلغار قورال بولۇپ قالغانلىقى ۋە بۇنداق «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ شەھەر سېپىللىرىنىڭ دەرۋازىلىرىغا، راۋاقلىرىغا شال پاخىلىدا توقۇلغان توم ئارغامچىلارنى تارتىپ، ئۈستىگە قېلىن لاي سۈركەپ قويغان كۆرۈنۈشلەرنىڭمۇ بارلىقى بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن. دېمەك، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر زەمبىرىكىنىڭ يىراقتىن چەنلەپ ئېتىش، كۆيدۈرۈش ئۈنۈمى مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى بولغان.

ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو تارىخى مۇزېيىدا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جىژىيۈەنىنىڭ 3-يىلى (مىلادى 1332-يىلى) ياسالغان بىر مىس زەمبىرەك ساقلانماقتا. بۇ زەمبىرەك ھازىرغا قەدەر تېپىلغان قەدىمكى ھەربىي قورال يا-

دىكارلىقلىرى ئىچىدە دۇنيا بويىچە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان زەمبىرەكتۇر.

بىز يۇقىرىدا «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دېگەن بىر سۆزنىڭ مىلادى 1182 - يىلى خەنزۇ تىلىدا پەيدا بولغانلىقى ۋە مىلادى 1279 - يىلى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» ياسىيالايدىغان ئۇستىلارنى يىغىپ كەلگەنلىكى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. دېمەك، جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان XIV ئەسىردىكى موڭغۇل زەمبىرىكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئۇستىكارلىرىنى يىغىپ كەلگەندىن كېيىن ياسالغان زەمبىرەكلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللار بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا مۇڭغۇللار زەمبىرەك ئىشلەتمىگەن. شۇ زامانلاردىكى ئۇرۇشلاردا جىن دۆلىتى ۋە جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى ئىشلەتكەن زەمبىرەكلەرمۇ دەل «ئۇيغۇر زەمبىرىكى»گە تەقلىد قىلىپ ياسالغان زەمبىرەكلەر ئىدى. بۇنداق زەمبىرەكنىڭ نامىمۇ «ئۇيغۇر زەمبىرىكى» دەپ ئاتىلاتتى.

مىلادى XII ئەسىردە، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتىنى قارشى تەرەپكە يىراقتىن ئوق ئېتىپ، زەربە بېرىشتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە غالىب ئورۇندا تۇرغۇزغان «ئۇيغۇر زەمبىرىكى»، ئەينى زاماندا ھەربىي ھۈنەر - سانائەت جەھەتتىكى بىر چوڭ كەشپىيات ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئۇيغۇر خەلقى تىكلىگەن ھەربىي سانائەت تارىخىدىكى بىر چوڭ نامايەندە. ئۇ ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ھەممە كىشىگە ئايان.

بىراق، ھازىر ئەينى زاماندىكى «ئۇيغۇر زەمبىرىكى»

نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى شەھەرلىرىدە ۋە قايسى تارمىقى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تېخى تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيال يوق. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى پارتلاپ كۆيدۈرگۈچى دورىلىرىنىڭ رېتسېپ تەركىبى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ھۆججەتلىك ماتېرىيال يوق. بۇ سىر بۈگۈندىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىغۇسى.

1983 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھلار:

① بۇ تارىخىي خاتىرە «جۇڭگونىڭ پەن-تېخنىكا تارىخى» دېگەن خەنزۇچە كىتابنىڭ 2 - توم 6 - بېتىدىنمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن.
② 1949 - يىل چاڭچۈن نەشرى، 427 — 428 - بەتلىرىگە قاراڭ.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# قەدىمكى زاماندىن كەلگەن خەۋەر

شىنجاڭدا يېقىنقى زامانلارغىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ 2000 يىلدىن بۇرۇنقى تارىخىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشقا تارىخىي ماتېرىيال كەم ئىدى. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن تارىخىي رىۋايەت - چۆچەكلەر ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ھەر قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولغاندا، ئۇ رىۋايەتلەر بىر قېتىم چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ يېڭى مەسلەككە لايىقلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلاردا دەۋر ئۇقۇملىرى قالمىغانىدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ 2000 يىلدىن بۇرۇنقى تۇرار جاي ئىزلىرى، شەھەر - قەلئە خارابىلىرى ۋە قەبرە - يالدامىلىرىنى تاپتى. جۈملىدىن، ئارخېئولوگىيە ئارقىلىق بىزگە قەدىمكى زاماندىن خەۋەر كەلدى: بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ 2000 يىلدىن بۇرۇنقى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى تارىخىي پائالىيەت-

لىرىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى. بۇ «خەۋەرلەر»نى كەڭ كىتابخانىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ بۇ ماقالىنى تۈزۈپ چىقتىم.

## تاشقورغاندىكى كونا تاش قورال دەۋرى ئىزى

«كونا تاش قورال دەۋرى» دېگەن ئارخېئولوگىيە ئاتالغۇسى بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ «ئادەم» بولۇپ يېتىلىش جەريانىنى، يەنى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 6000 — 7000 يىللاردىن ئىلگىرى مىليون يىلغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى ئەسلىتىدۇ. شىنجاڭدا يېقىنقى زامانلارغىچە كونا تاش قورال دەۋرى ماتېرىياللىرى تېپىلىپ باقمىغانىدى.

يېقىنقى ئون نەچچە يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئارقىلىق شىنجاڭدا كونا تاش قورال دەۋرى ئىزى بارلىقى ئېنىقلاندى. بۇ ئىز ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى تىزناپ خەلق گۇڭشېسىنىڭ جىرغىلا دېگەن مەھەللىسى تەۋەسىدە.

بۇ كونا تاش قورال دەۋرى ئىزى ئەسلىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا لەخمە قازغاندا ئاشكارىلانغانىكەن، ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك ئاھالىلەر «تاغنىڭ چوققىسىدىكى بۇرۇنقى ئىنسانلار كۆيدۈرگەن نەرسىلەرنىڭ كۈلى ساقلىنىپ قالغان» لىقىغا ھەيران قېلىشىپ، بۇ «سىر»نى

ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا خەۋەر يەتكۈزگەنىكەن.

ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي بۇ ئورۇنغا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگۈچى خادىملارنى ئەۋەتتى ۋە بۇ ئىزدىن ئەۋرىشكە ئالدۇرۇپ كەلدى.

بۇ كونا تاش قورال دەۋرى ئىزى تاشقورغان دەر-ياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى كۆچمە جىنسلاردىن ھاسىل بولغان پەلەمپەيسىمان ئېگىزلىكنىڭ 3 - پەلەمپىيىدىن باشلانغان تىك يارنىڭ چوڭقۇر توپا قاتلىمىدىن تېپىلغان. بۇ جاي-نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئاننىڭ 24، 23، 75، شىمالىي پاراللېلنىڭ 37.31 دىگە توغرا كېلىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتر ئېگىزلىكتە.

بۇ ئىزدىن قەدىمكى ئىنسانلار ياققان ئوتتا كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ كۆلى، يەنى كۆيۈك توپا، چالا كۆيگەن يا-غاچ ۋە سۆڭەكلەر تېپىلدى.

بۇ كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى ئەينى ۋاقىتتا (لەخمە قازغاندا) قىسمەن بۇزۇلۇپ كەت-كەن بولسىمۇ، كېيىنكى تەكشۈرۈشتە، بۇرۇن كولاپ چىقى-رىۋېتىلگەن توپا دۆۋىلىرىنى قايتىدىن ئاختۇرۇپ كۆرگەندە، يەنە قەدىمكى ئىنسانلار چېقىپ ياسىغان تاش قوراللار، تاش ياپراقلار تېپىلدى. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭ كۋارتس تاشلاردىن ياسالغان كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ يادىكارلىقلىرى ئىكەنلىكى مۇقىملاندى.

## ئاتۇشتىن تېپىلغان تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى

سۆڭەكنىڭ تاشقا ئايلىنىشىغا باشقا شەرت ـ شارائىت-
لار تولۇق بولغانىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ يىلدىن ئارتۇق
ۋاقىت كېتىدۇ.

شىنجاڭدا تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى تېپىلدى. بۇ،
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئاز دېگەندە ئۇنىڭ يىل
بۇرۇنلا مۇشۇ زېمىندا ياشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى تېپىلغان ئورۇن ئاتۇش
ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزىسى تەۋەسىدە.

بۇ تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل
بۇرۇن كىشىلەر تاش كولىغاندا تېپىۋالىپ مەدەنىيەت يۇر-
تىنىڭ بىر كادىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىكەن. ئۇ 1983 -
يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچى-
سى ئىمىنوپ ھامۇتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە ئاپتو-
نوم رايونلۇق مۇزېيغا ئەكىلىندى ۋە مۇزېي تەرىپىدىن
نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە ئىلمىي خادىملار ئەۋەتىلدى.

تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشى پارچىلىرى بوغاز دەرياسى-
نىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئۈچ پەلەمپەيلىك
ئېگىزلىكتىن تېپىلغان. بۇ ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەر-
قىي مېرىدىئانىنىڭ 75·0·5، شىمالىي پاراللېلىنىڭ 46 — 39·44
ىگە توغرا كېلىدۇ. باش سۆڭەك تېپىلغان ئورۇننىڭ كەس-
مىسى يەتتە قەۋەت بولۇپ، تاشقا ئايلانغان سۆڭەك ئۇنىڭ

6 ـ قەۋەتتىن چىققان. بۇ ئورۇندا قايتىدىن تەكشۈرۈش ـ ئىزدەش ئارقىلىق ئۇنىڭ قېپقالغان باشقا پارچىلىرىمۇ تېپىلدى.
هازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ئۇنىڭ ماڭلاي سۆڭىكى، چوقا سۆڭىكى، چېكە سۆڭىكى، كېيىنەك سۆڭىكى قاتارلىق يەتتە پارچىسى ساقلانماقتا. بۇ سۆڭەكلەر قۇراشتۇرۇلسا بىر پۈتۈن ئادەم بېشىنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىگە كېلىدۇ.
بۇ تاشقا ئايلانغان ئادەم بېشىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىكى ئاتاقلىق ئارخېئولوگلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ۋە ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى جەھەتلەردە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇنى بۇنىڭدىن ئونمىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى، دەپ قارىغان.
بۇ باش سۆڭەك تېپىلغان ئورۇندىن يەنە بىر پارچە 40 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتىكى قەدىمكى هايۋانات (كەركىدان بولۇشى مۇمكىن؟) نىڭ تارغاق سۆڭىكى تېپىلدى. بۇلار داۋاملىق تەتقىق قىلىنماقتا.

## كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەبرىستانلىق

شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى 1979 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قۇملۇقتىن بىر قەبرىستانلىقنى تاپتى ۋە ئۇ جايدا نۇقتىلىق قېزىش ـ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۆسۈملۈك - تۇپراق ئىنستىتۇتىدىكى ئىلمىي خادىملار بۇ قەبرىستانلىقتىن يىغىۋالغان قەدىمكى ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈپ، بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن 3800 — 6400 يىل بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇملار ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

بۇ قەبرىستانلىقتىكى بىر قەدىمكى قەبرىنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە چوڭ ياغاچ قوزۇقلار قېقىلىپ «نۇر چاقنىتىۋاتقان كۈن» شەكلى ئىپادىلەنگەنىكەن. بۇ كۆرۈنۈش بىزگە ئەينى زاماندا بۇ جايدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ياردەم بەردى — ئۇلار ئەينى زاماندا «كۈن» گە چوقۇنىدىغان بولسا كېرەك.

بۇ قەبرىستانلىقتىن يەنە ئۈستىگە قۇش پەيلىرى قاداپ قويۇلغان كىگىز تۇماق، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان پالاس، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈك، يۇمىلاق بوغداي دانلىرى، ئايال كىشىنىڭ ياغاچتىن ئويۇلغان ھەيكىلى ۋە ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار قېزىۋېلىندى. ئۇ بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى تارىخى تۇغرىسىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى مىللەتشۇناسلىق، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئىشەنچلىك ماددىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقات خادىمى ۋاڭ بىڭخۇانىڭ

1982 - يىل 12 - ئايدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان «كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى ۋە بۇ ھەقتە دەسلەپكى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىدىكى كۆز قاراش بىلەن ئېيتقاندا، بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىپادىلىگەن مەدەنىيەت باشقا جاينىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت بولماي، دەل شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىكى بار، ئۇلۇغۋار تارىخىي تۆھپىلەر ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ئىدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان پالاس، شەك - شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن گىلەم ئەۋرىشكىسى؛ بۇ جايدىن تېپىلغان بۇغداي مەملىكەت بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن يۇمىلاق بۇغداي ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ...

مىكوۋنىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدا نىل ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، دىگرىس - يۇفرادىس ۋادىسى، شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەش كىيەتتى، تېرە ئۆتۈك كىيمەيتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇشى مۇمكىن، دېيىلگەنىدى. بۇ كۆز قاراش ھازىر مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ئىسپاتلاندى — بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆتۈك دېگەن بۇ ئاياغ كىيىمنى ئىجاد قىلغان.

شۇ كىتابتا يەنە كىگىز ئىشلەش تېخنىكىسى ئەڭ بۇرۇن ساكشىن قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان، دېيىلگەن.

بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغان دەۋر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئە-سىرنى ئەسلىتەتتى. ھازىر بۇ كۆز قاراش ئىلىرخېئولوگىيىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى، پاكىت ئۇنداق بولماي چىقتى — شىنجاڭدا ئۇنىڭدىن ئاز دېگەندە ئون ئەسىر بۇرۇنلا بىز-نىڭ ئەجدادلىرىمىز كىگىز تۇماق ئىشلەپ چىققان.

بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدىكى تۆت خىل قەدىمكى مەھسۇلات: بۇغداي، كىگىز، گىلەم، ئۆتۈك (خۇرۇم ئىشلەش) نىڭ ئىجاد قىلىنىشى قەدىم-كى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان مەشھۇر تۆھ-پىلىرى بولۇپ تارىخقا يېزىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

## ئۈلامباي سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈلامباي سۇ ئامبى-رىنى بىنا قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق بارلىقى ئاشكارىلانغانىدى. كېيىن، بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ زاپىسى كۆپەيگەن يىللاردا بىرمۇنچە قەبرىلەرنى سۇ بېسىپ كېتىپ ئارخېئولوگلارنىڭ جىددىي ئېتىبارىنى قوزغىدى.

1983 ـ 1984 ـ يىللاردا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 50 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردى.

بۇ قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۆت ئەتراپىغا تاش تىزىلغان، تېگىگە تاش ياتقۇزۇلمىغان، ئۈستىمۇ تاش بىلەن يېپىلمىغان ئاددىي قۇرۇلمىلىق تىك ئويما قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىگە بىردىن جەسەت قويۇلغان. دەپنە قىلىنىش شەكلىدە مەلۇم پەرقلەر بار، مەسىلەن، بەزىلىرىدە جەسەت ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ، پۇت ـ قوللىرى تۈز سوزۇپ قويۇلغان بولسا، بەزىلىرىدە جەسەت ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ، پۇت ـ قوللىرى ئېگىپ قويۇلغان، يەنە بەزى قەبرىلەردە ئىككى جەسەت قويۇلغان. بۇنداق قەبرىلەردە قويۇلغان ئىككى جەسەتنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭمۇ دەپنە قىلىنىش شەكلىدە يەنىلا بەزى پەرقلەر بار. مەسىلەن، ئەر جەسەت هامان ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ، پۇت ـ قوللىرى تۈز سوزۇپ قويۇلغان، ئايال جەسەت بولسا هامان ئەر جەسەتكە قارىتىپ يېنىچە ياتقۇزۇپ قويۇلغان ياكى ئايال جەسەتنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئەر جەسەتكە باستۇرۇپ قويۇلغان. بۇ ئائىلىق هوقۇقىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

بۇنداق قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىككى جەسەتتىن باشقا يەنە بىر باش سۆڭەكمۇ بار.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن مىس ئەينەك، مىس بەكە، مىس بىگىز، مىستىن ياسالغان ئۇششاق ئېگەر ـ جابدۇقلىرى، ئالتۇن ھالقا، تاش ھاۋانچا، تاش ئۇرچۇق، ساپال قازان، بىر قۇلاقلىق ۋە ئىككى قۇلاقلىق ساپال خۇمرا، ساپال ئېۋىرىق، ساپال جاۋۇر قاتارلىق ھەر خىل مېتال جابدۇق، ساپال قاچا ۋە تاش قوراللار قېزىۋېلىندى.

بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىنتايىن روشەن يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ساپال قاچىلاردا ئاساسەن ئۈچ بۇلۇڭ، رومبا، قايىنام شەكىللىك سىزما نۇسخىلار بار. بۇ نۇسخىلار تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق ساپال قاچىلاردىكى سىزما نۇسخىلار بىلەن ئوخشايدۇ.

بەزى قەبرىلەردىن يەنە ئات، قويلارنىڭ باش سۆڭەكلىرى، بەزىلىرىدىن پۈتۈن ئات ئىسكىلىتى تېپىلدى.

ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر ئىدى.

بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۇلامباي سۇ ئامبىرىنىڭ ئورنى بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ئۇرۇمچى ئاھالىلىرى مەر-

گەزلىشىپ ئۇلتۇراقلاشقان مەھەللە ياكى يۇرتلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى ئىدى. ساپالالاردىكى سىزما نۇسخىلاردىن قارىغاندا، ئۇلار تاغ ـ دەريالارنى ياخشى كۆرىدىغان خەلقلەر ئىدى.

بۇ پاكىتلار بىلەن يازما تارىخىي خاتىرىلەردىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ قەبرىستانلىقتا ياتقان 2000 يىل بۇرۇنقى ئۇرۇمچى ئاھالىلىرى «قاڭقىلالار»، يەنى ئېگىز هارۋىلىقلار دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر.

### ئىلقا ناھىيىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى

ئىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى نۇرساي جىراسى بىلەن قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تاغ ـ ئېدىرلىرىدا مىس قاتارلىق مەدەن ـ بايلىقلار بار ئىدى.

ئارخېئولوگلار بۇ ئېدىردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇن نەچچە ئورۇندا قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇلار تولىسى ئاللىقاچان كۆمۈلۈپ كەتكەن مىس

كان قۇدۇقلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭلىكى بەش مېتر، چوڭقۇرلۇقى 12 مېتر كېلىدىغان بىر تىك قۇدۇقلا ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە لىم قويىدىغان تۆشۈكلەر بار. تېگىدە يەنە بىرمۇنچە ياغاچلار ساقلىنىپ قالغان. يەر يۈزىدە كاندىن كولاپ چىقىرىۋېتىلگەن تاش ۋە لايلار دۆۋىلىنىپ تۆت مېتر قېلىنلىقتا بىر قەۋەت كۆچمە توپا ھاسىل بولغان.

ئەتراپتا بىرقانچە ئورۇندا يەنە مىس تاۋلايدىغان پېچ ئىزلىرى بار.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، بۇ ئەتراپتىكى ئون قۇدۇقنىڭ يەر ئاستى تونېللىرى بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن، دېمەك، قەدىمدە مۇكەممەل يەر ئاستى مەدەن قېزىش تورلىرى شەكىللەنگەن.

كان تېگىدە ۋە يەر يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان كۆچمە توپا قاتلىمىدىكى ياغاچ كۆمۈرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ مىس كانلارنىڭ بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇنقى زامانلاردا قېزىلغانلىقى ئېنىقلاندى.

بۇ قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى تەمىنلىگەن ماددىي پاكىتلار ئارقىلىق شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇنلا بۇ رايوندىكى خەلقلەر بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كان تالاش، قېزىش، مەدەن تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن. دېمەك يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىلى

ۋادىسىدىكى نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، توققۇز تارا قاتار-
لىق ناھىيىلەردىن تېپىلغان مىلادىيىدىن ئىلگىرى IV — III ئە-
سىرلەرگە تەئەللۇق مىس ئوق، مىس ھالقا، مىس ھەيكەل،
مىس قازان، مىس ئەينەك، مىس ئىكەك، مىس پالتا قاتار-
لىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى باشقا جايلاردىن
ئېلىپ كېلىنگەن ئەمەس، بەلكى شۇ جايدىكى ھۈنەرۋەنلەر
ياساپ چىققان يەرلىك مەھسۇلاتلاردۇر.

بۇ مىس كان ئىزلىرى شىنجاڭنىڭ مىس قورال دەۋ-
رى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك
بولۇپ قالدى.

## سامپۇلدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق

خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل گۇڭشېسى
تەۋەسىدە يېڭىدىن بىر قەبرىستانلىق تېپىلدى. ئۇ ناھىيە
بازىرىدىن 11 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، جۇغراپىيىلىك
ئورنى شەرقىي مېردىئاننىڭ 31° 7° 80، شىمالىي پاراللېل-
نىڭ 53° 59° 36 دە. ئۇنىڭ دائىرىسى شەرقتىن غەربكە
تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا بىر كىلومېتىر
سوزۇلغان. يەر ئۈستى پۈتۈنلەي قۇملۇق، يەر يۈزىدە ھېچ-
قانداق قەبرە بەلگىسى يوق.

يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە بۇ قەبرىستانلىقتىن بىر
قىسىم قەدىمكى قەبرىلەر سىناپ قېزىلدى.

قەبرىلەر ئاساسەن ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى

خىلدىكىسى، كۆپ جەسەت دەپنە قىلىنغان چوڭ قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى تۆت چاسا. قەبرە يولى بار، تېگىگە رەتلىك قىلىپ ياغاچ تىزىپ چىقىلغان. چوڭقۇرلۇقى يەر يۈزىدىن تۆت مېتىر تۆۋەن. بۇنداق قەبرىلەرنىڭ بىرىدىن 100 دەك چوڭ كىشىنىڭ باش سۆڭىكى چىقتى (بەزى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ بىر قەبرە بۇرۇن قېزىپ ياكى تەكرار ئىچىلىپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن). بۇنداق قەبرىدىن ئىككىسى قېزىلدى. ئىككىنچى خىلدىكىسى، يەككە ياكى بىر جۈپ جەسەت قويۇلغان كىچىك قەبرىلەر بولۇپ، شەكلى سوزۇنچاق تۆت چاسا. تىك كولانغان. بۇنداق قەبرىلەردىن 16 سى قېزىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن توغراق ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ، جۈپلەشتۈرىدىغان ئۇلاق شەكلىدە ياساپ چىققان جەسەت ساندۇقى چىقتى. ئىچىگە قويۇلغان جەسەتكە سېرىق بويالغان تونچە كۆڭلەك كىيگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاس ئورالغان، قوللىرىغا پەلەي كىيگۈزۈلگەن، يۈزىگىمۇ سېرىق شايى يېپىلغان. يەنە بەزى جەسەت ساندۇقلىرى قولۋاق شەكىللىك ئىدى. بۇنداق جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا تاشلاپ قويۇلغان ياكى ئۇ جەسەتنىڭ ئۈستىگە كۆمتۈرۈپ قويۇلغان. كۆپىنچە ھاللاردا كىچىك باللارنىڭ جەسىتى مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىنغان. ئۈچىنچى خىلدىكىسى، ئۇزۇن تاختايلاردىن تىزىپ قۇراشتۇرۇپ چىققان جەسەت ساندۇقى بار قەبرىلەر. بۇنداق قەبرىدىن ئىككىسى قېزىلدى. ھەربىر قەبرىدىن بىردىن كۆمۈلگەن ئات چىقتى. ئاتنىڭ بېشىغا ئىككى دانە ئاپئاق قۇش پېيى قادالغان، ئېگەر،

يۇگەن، پۇشتاك، چۇلۋۇر قاتارلىق ئېگەر جابدۇقلىرى تولۇق، ئۈستىگە يېپىلغان گىلەم يوپۇقمۇ بار.

بۇ قەبرىستانلىقتىن 1000 پارچىگە يېقىن مەدەنىي يادىكارلىق تېپىلدى. بۇلار ئاساسەن يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلاردىن ئىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەك (باش كىيىممۇ بار)، چىلتەك، كەشتە، گۈل بېسىلغان پاختا رەخت، كىچىك ھەمزەك، پالاس، گىلەم، كىگىز، مارجان، تارغاق، سۆزگۈچ، مىس ئەينەك، تېرە، ئۆتۈك، ھاسا، پەي يەلپۈگۈچ، تۆمۈر ئوق باشاق، ساپال قاچا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئاساسىي كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ھەر خىل، رەڭ ـ بوياقلىرى كۆركەم. توقۇلۇش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى.

بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن خوتەن رايونىدا ياشاۋاتقان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## ئالغۇيدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق

ئالغۇي ــ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كان رايونى تەۋەسىدىكى بىر جىلغا. ئارخېئولوگلار ئۇنىڭ ئالدىدىكى كەڭ شېغىللىق تۈزلەڭلىكتىن بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق تاپتى.

1975 - يىلى ئۈرۈمچى — كورلا تۆمۈريولى قۇرۇلۇ- شىغا ماسلىشىپ، بۇ قەبرىستانلىقتىن 50 تەك قەبرە قېزىپ- تەكشۈرۈلدى.

ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە، بۇ قەبرىستان- لىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىيدىن بۇرۇنقى V ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ چىقتى.

بۇ ئورۇندىكى بەزى قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە قەبرە دۆۋى- سى بار. بەزى قەبرە دۆۋىلىرىنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر قاتار تاش تىزىلىپ «چەمبىرەك» شەكىللەندۈرۈپ قويۇلغان. بۇلار- نىڭ ھەممىسى تىك ئويما قەبرە، لېكىن ئۇنىڭ ئىچى ئىككى خىل، يەنى بىر خىلى، يۇمىلاق، يەنە بىر خىلى، تۆت چاسا. ھەممىسىنىڭ تۆت تېمىغا تاش تېزىپ چىقىلغان، ياغاچ تىزىلىپ يېپىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تاش باستۇرۇپ پۇختا ئېتىۋېتىلگەن.

قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىدە بىر جەسەت بار. كۆپىنچىسىدە كۆپ جەسەت (ئون ئەتراپىدا) بار، جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش شەكلىدىمۇ مەلۇم پەرقلەر بار. بەزى جەسەتلەرنىڭ پۇت - قوللىرى تۈز قىلىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان، بەزىلىرى يېنىچە ياتقۇزۇپ قويۇلغان، بەزى قەبرىلەر قاي- تىدىن ئېچىلىپ ئىچىگە ئىككىنچى قېتىم يەنە جەسەت دەپنە قىلىنغان.

بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار- نىڭ ئىچىدە رەڭلىك ساپال ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاۋاق، جام، ئۇرچۇق، سۈركەپ ئوت چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈكلۈك ياغاچ قاتارلىق ياغاچ

جابدۇقلار؛ بەكە، قۇلاقلىق چۆچەك، ئەينەك، يۇگەن قاتارلىق مىس جابدۇقلار؛ چاچ ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان توقۇلما تور، كىگىز تۇماق، ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچ، كىگىز ئاياق. يۇڭ توقۇلما رەخت ۋە تېرە كىيىملەر قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار. جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان كالا، قوي سۆڭەكلىرىمۇ بار.

بەزى قەبرىلەردىن ياغاچ تەگلىگە سىلىپ قويۇلغان بوۋاق بالىلارنىڭ جەسىتى چىقتى.

ساپال قاچىلارنىڭ تېگى قىزىل، سىزىلغان نۇسخىلىرى قارا رەڭلىك. كۆپىنچە ساپال قاچىلارنىڭ ئاغزىغا چىرايلىق نۇسخىلار سىزىلغان.

ساپال قاچىلاردا ئاساسەن ئۈچ بۇرجەك، قاينام، ئۆركەش قاتارلىق تاغ ـ دەريالارنى ئىپادىلەيدىغان نۇسخىلار بار. ئۇنىڭدىكى ئالامەتلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق ساپال قاچىلارنىڭ نۇسخىلىرىغا ئوخشايدۇ.

بۇلار قەدىمكى قوش (姑师) قەبىلىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇشى مۇمكىن.

## باركۆلدىكى قەدىمكى تاش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت

باركۆل ناھىيىسى بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىن تەخمىنەن ئالتە كىلومېتر يىراقلىقتا تۇرىدىغان بىر ئورۇندا كۆلىمى 20 × 30 مېتر كېلىدىغان قەدىمكى تاش دۆۋىسى بار.

ئارخېئولوگلار ئۇنىڭ قەدىمكى تاش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇنداق ئىمارەت ئىزلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇلكۈرە، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان رايونلىرىدىمۇ ئۇچرىتىلغانىدى.

بۇ ئىمارەتنىڭ تاش تېمىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىمارەتنىڭ دائىرىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ـ تاشقىرىلىق ئۆيلەر بولۇپ، ئىشىكلىرى شەرققە قارايدۇ. ئۆيلەرنىڭ تېگىدە ياغاچ تۈۋرۈك ئىزلىرى بار. بۇ ئىمارەتكە ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە تۆت ـ بەش ئەركىشى ئاران كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ تاش بولۇپ، ئۇنىڭ يان تەرىپى پۈتۈنلەي تاشچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ياساپ سىلىقلانغان.

بۇ خارابىلىقتا ياغاچ كۆللىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ئىمارەت جەڭ ياكى ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان.

بۇ ئورۇندىن چوڭ ھەجىملىك پۈتلۈك مىس قازان، مىس پىچاق، ئىككى قۇلاقلىق قىزىل ساپال قاچىلار، رەڭلىك ساپال قاچىلار، ساپال ئېكەك، چوڭ تاش بىلەي، توپ شەكىللىك يۇمىلاق تاش، تاش ياغۇنچاق، كۆيگەن ئارپا، ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى، پۈتۈن ۋە ئاجرىلىپ كەتكەن ئادەم ئىسكىلىتلىرى تېپىلدى. چوڭ تاش بىلەينىڭ ئوتتۇرىسى ئۇپراپ خېلى كۆپ ئويۇلۇپ كەتكەن.

بۇ جايدىن تېپىلغان بىر ئادەم بېشى سۆڭىكىدە تۆشۈك

بار. دېمەك، ئۇ جەڭدە ياكى دۈشمەنلىكتە زەخىملىنىپ ئۆلگەن كىشى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئورۇندىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 3280 يىل بۇرۇنقى ئىمارەت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، بارىكۆلدە بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنلا تاش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغان. ئۇنىڭ ئاھالىلىرى ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

## مارالبېشى قۇملۇقلىرىدىكى تىم - قەلئە ئىزلىرى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە ناھىيە بازىرىدىن 92 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇق چۆلدە «چوڭ تىم» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى تىم - قەلئە ئىزى بار. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئاننىڭ 30 ·7 ·79، شىمالىي پاراللېلنىڭ 40·11·30 نىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تىمنى مەركەز قىلغان ھالدا جەنۇبقا ۋە غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان يەنە يۇملاق تىم، كىچىك تىم، زەي تىم قاتارلىق بىرمۇنچە تىملار بار. ھەربىر تىمنىڭ يېنىدا تەخمىنەن 300 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە قەلئە تېمىدىكى ئىمارەت ئىزى بار. تىملارنىڭ ھەممىسى ئەتراپى چەكسىز تۈزلەڭ ئورۇنغا بىنا قىلىنغان بولۇپ، تىمغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالسا خېلى يىراقتىكى ھەرىكەتچان

نەرسلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، ھەربىي جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى. تەكشۈرۈپ كۆرۈلۈشىچە، ھەربىر قەلئەنىڭ دەرۋازىسى شىمالغا قارايدۇ.

بۇ بىر قاتار تىم ـ قەلئە ئىزلىرىدىن قەدىمكى كۇسەن (ھازىرقى كۇچار) دۆلىتىنىڭ كىچىك يارماق پۇللىرى، يارماق قېلىپلىرى، ساپال پىشۇرۇلىدىغان خۇمدانلار، ساپال ئۇرچۇق، مىس ئېرىتىدىغان قازان، بۇغداي دانلىرى، ياغاق پوستى، ئۆرۈك، شاپتۇل ئۇرۇقچىلىرى ۋە قوي، كالا سۆڭەكلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلدى. شۇنداقلا خەنزۇچە «كەيۈەن»، «چەنيۈەن» خەتلىك يارماقلارمۇ تېپىلدى.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا بۇ قۇملۇق مىلادى IX — VII ئەسىرلەردە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، ھەربىي مۇھاپىزەت كۆچلىرى بار، كىچىك يۇرتلىرى، سودا مەركەزلىرى، ئۆتەڭلىرى بار ئاۋات رايونلارنىڭ بىرى بولغان.

1983 — 1984 - يىللار، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى ئۇرىگىنالىدىكى مەزمۇنلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 2 - سان ۋە 1985 - يىل 5 -، 6 -، 7 -، 8 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.)

# ئۈرۈمچىنىڭ قەدىمكى نامى ھەققىدە يېڭى ئىسپات

ئۈرۈمچى رايونى بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىل بۇرۇنلا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن بىر-قەدەر ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ چۈشەنچە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن تېپىلغان نازۇك تاش قوراللار، رەڭلىك ساپال قاچىلار ئىپادىلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق ئاللىقاچان ئىسپاتلاندى. بىراق بۇنىڭ بەزى جەريانلىرى تېخى ئانچە كونكرېت ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامىنىڭ ئەينى زامانىدا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ ئەسىردىن بۇرۇن بۇ رايوندا ياشىغان قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى «ساكلار» (塞种) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادى IV ئەسىرلەرگىچە ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىدىن سانجى تۈزلەڭلىكىگىچە بولغان دائىرە ئىچىدە ياشىغان قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى «قۇش» (车师، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى ئاھاڭى Kiwo Ş i) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ بىر ئوردىسى تۇرپاننىڭ يار-

غولدا، يەنە بىر ئوردىسى جىمساردا ئىدى. ئۈرۈمچى رايونى بولسا بۇ ئىككى ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مۇھىم يۇرت ئىدى. بۇ زامانلاردىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ نامى نېمىدەپ ئاتالغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

مىلادى VII ئەسىرگە كەلگەندە. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ رايوندا ياكى بۇ رايونغا يېقىن جايدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ھەققىدە بايانلار كۆرۈلىدى. مەسىلەن، «تاڭنامە» دە، مىلادىنىڭ 655 — 660 - يىللىرىدا بۇ رايوندىكى غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى يوق قىلىنىپ، لۈنتېي (轮台، قەدىمكى خەنزۇچىدىكى ئاھاڭى Lūntiei) تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان. ھازىر تەتقىقاتچىلار بۇ مەھكىمە تۇرغان ئورۇننى ئۈرۈمچىدىن سانجىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدە ئىدى، دەپ قارايدۇ.

مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۈرۈمچى رايونى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. بۇ خاقانلىق «بەش بالىق» (بەش شەھەر) دەپمۇ ئاتىلاتتى. لېكىن ئۈرۈمچى مۇشۇ بەش شەھەرنىڭ قايسىبىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ھازىر تېخى ئېنىق يەكۈن يوق.

ھازىر بىزگە بىرقەدەر ئېنىق بولغان تارىخىي خاتىرىلەر شۇكى، مىلادى 1761 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى دائىرىسىدە بىر ھەربىي قورغان قۇرغان. بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قورغاننىڭ نامىنى «دىخۇا» (迪华) دەپ ئاتىغان.

مىلادى 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

رايونىمىزنى «شىنجاڭ» دەپ ئاتاپ، ئۆلكە تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. بۇ زاماندىمۇ بۇ شەھەرنىڭ نامى «دىخۇا» دەپ ئاتىلىۋەردى. ئەينى زاماندا «دىخۇا» دېگەن سۆزنىڭ يەرلىك خەلقنى كۆندۈرۈش - ئادەم قىلىش، دېگەن ھاقارەتلىك مەنىسى بار ئىدى.

1949 - يىلىدىن كېيىن بۇ ھاقارەتلىك «دىخۇا» دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ «ئۈرۈمچى» (乌鲁木齐) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

يېقىنقى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە تارىخشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار ئىچىدە «ئۈرۈمچى» دېگەن نام توغرىسىدا مۇلاھىزە باشلاندى. موڭغۇلشۇناسلار بۇ نامنى موڭغۇلچە سۆز بولۇشى مۇمكىن (مەنىسى گۈزەل يايلاق) دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنياغا «ئۈرۈمچى دېگەن موڭغۇلچە سۆز» دەپ تەشۋىق قىلىنىۋەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ «پەرەز» ئاساسەن مۇقىملاشقان «يەكۈن» بولۇپ قالدى.

مىلادى 925 - يىلى ساك يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە تارىخىي قول يازمىدا ئۈرۈمچىنىڭ نامى بار ئىكەن①. بۇ تارىخىي تىل پاكىتلىرى ئالدىدا «ئۈرۈمچى دېگەن موڭغۇلچە سۆز» دېگەن يەكۈن ئەمدى پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ دەۋردە تۈرپان ئويمانلىقىدىن سانجى تۈزلەڭلىكىگىچە بولغان دائىرە ئىچىدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاقانلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى. موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ شىنجاڭغا ئاياغ بېسىشى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئەسىر كېيىن،

يەنى مىلادى XIII ئەسىردىكى تارىخىي ۋەقە ئىدى.

ئەمدى بىز «ئۈرۈمچى» دېگەن نامنىڭ تىل مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرەيلى:

ئۈرۈمچىنىڭ نامى مىلادى 925 - يىلىدىكى ساك يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىدا «irūmciña» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ساك تىلى لۇغىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «irū» (مەنىسى تال، ئورمان)، «m» (ئىسىم ئىگە بولۇپ كەلگەندە ياكى باشقا سۆز بىلەن بىرىكىپ قوشما سۆز بولغاندا قوشۇلىدىغان ئۇلانما)، «ciüa» (باراقسانلىق) دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، «تاللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا سانسكرىت، توخرى، ساك تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلاردا ھامان ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولغانىدى. كۆپىنچە ھاللاردا سۆز ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش ۋە سۆز ئارىلىقىدىكى بىردىن ئارتۇق ئۈزۈك تاۋۇش قىسقارتىلىپ قوبۇل قىلىناتتى. بەزىدە سۆز ئارىلىقىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارمۇ قىسقارتىلاتتى، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭى ئۆزگەرتىلەتتى. مەسىلەن، «تيانا» (تەپەككۇر) دېگەن سۆز «تىن»، «پراجنيا» (ئەقىل) دېگەن سۆز «براتىن»، «جاكا» (چارق) دېگەن سۆز «چاق» دەپ قوبۇل قىلىنغان. (قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا «ج» بىلەن «چ» پەرقلەندۈرۈلمەي بىرلا ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنەتتى، كۆپىنچە «چ» دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى.) بۇلارنى ئەسلەپ كۆرگەندە ساك تىلىدىكى «ئىرۇمچىنيا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدا «ئۈرۈمچى» دەپ ئاتىلىشى تارىختىكى ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەن-

كىلى بولىدۇ. (بۇ ئىسىم دەسلەپتە «ئىرۇمچى» ياكى «ئىرۇمتى» دەپ قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئۈچ بوغۇم تەلەپپۇز قىلىشقا قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۇرۇمچى» ياكى «ئۈرۈمچى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.)

ئەمدى بىز تارىختىكى مىللەت ناملىرىدا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ ئۆتەيلى:

مىلادىيىدىن ئىلگىرى III ئەسىردىن بۇرۇن بۇ رايوندا ياشىغان «ساكلار» مىلادى III ئەسىردىن كېيىن «قۇش» (车师، قەدىمكى ئاھاڭى كيوشى) دېگەن قەدىمكى مىللەت ياكى دۆلەت نامىغا قوشۇلۇپ كەتتى؛ مىلادى V ئەسىردىن كېيىن، «يەپتال» (嚈哒) دېگەن قەدىمكى مىللەت ياكى دۆلەت نامىغا قوشۇلۇپ كەتتى (VI ئەسىردە «تۈرك» دېگەن قەدىمكى مىللەت ياكى دۆلەت نامىغا قوشۇلۇپ كەتتى). ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ نامى بۇرۇنقى ساك دەۋرىدىن تارتىپ يۇقىرىقىدەك تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭدا ساقلىنىپ قالغان «توققۇزساق»، «ئىككىساق»، «ساقساق» قاتارلىق قەدىمكى ساكلارنى ئەسلىتىدىغان يەر ناملىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالدى.

مىلادى VII ئەسىردە، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە ئۈرۈمچى رايونىنىڭ نامى «لۇنتەي» دەپ يېزىلىشى دەل شۇ زاماندا غەربىي تۈرك ھاكىمىيىتى شارائىتىدىكى تۈركىي تىلدا ساقلىنىپ قالغان «irumci» دىن خەنزۇچە خەت بىلەن

ترانسكرىپسىيە قىلىنغان، يەنى «irum» دېگەن بوغۇم «轮 lūn» دەپ، «Ci» دېگەن بوغۇم «台 tiei» دەپ يېزىلغان.

خۇلاسە: «ئۈرۈمچى» دېگەن نام موڭغۇلچە سۆز ئەمەس، ئۇ قەدىمكى ساكچە «تاللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ، تۈركىي تىللاردا ساقلىنىپ قالغان. خەنزۇچە «轮台» دېگەن نام تۈركىي تىلدىن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا ئۇيغۇرچە «تاللىق» دەپ ئاتىلىدىغان جايمۇ بار.

1983 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھ:

① تارىخىي جۇغراپىيەشۇناس خۇاڭ شېڭجاڭ ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ 1 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تاپشۇرغان ماقالىسىگە ئاساسلانغاندا، روسىيىلىك ستايول خالستوي ئەپەندىنىڭ «دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى قول يازمىلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن بىر پارچە ساك يېزىقىدىكى ھۆججەت 1925 - يىلى چەت ئەلدە تەتقىق قىلىنغان. ئۇ ھۆججەتنىڭ 22 - قۇرىدا «ئۈرۈمچىنىيا» دەپ ئاتالغان بۇ يۇرت نامى بىللەن يەنە «تۇرپان» دېگەن ئىسىممۇ بار، بۇ ھۆججەتنىڭ يىل - دەۋرى مىلادى 925 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە 1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ئۈچىنچى سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى كەم مەزمۇنلار بۇ قېتىم تولۇقلاندى.)

# فرانسىيە كۆتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر پارچە تۇبۇتچە ھۆججەت

پارىژ شەھىرىدىكى فرانسىيە كۆتۈپخانىسىدا ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر «p. 1283» نومۇرلۇق بىر پارچە تۇبۇتچە ھۆججەت ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان يېزىقلار جەمئىي 108 قۇر. ئۇنى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى پېللىيوت 1908 - يىلى دۇڭخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن.

بۇ ھۆججەت 1956 - يىلىدىن باشلاپ گ. كلاۋسون، ب. سوگۇر، مورىياسۇتاكو، ۋاڭ ياۋ قاتارلىق فرانسىيە، ۋېنگرىيە، ياپونىيە، جۇڭگو تۇبۇتشۇناسلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىندى.

بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات يۇقىرىدىكى ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان ئىلىم ساھەسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، بىر - بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلىشى ئارقىلىق بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى.

بۇ ھۆججەتتە «خور خانى» دەپ ئاتالغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ شىمالدىكى ئەللەرنى چارلاپ - تەكشۈ-

رۇپ كېلىش ئۈچۈن بەش كىشىنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە چار-
ىغۇچىلارنىڭ خانىغا بەرگەن مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن.
بۇ ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەر بۇنىڭدىن باشقا
ھېچقانداق بىرەر ئەسەردە ئېيتىلىپ باققانلىقى مەلۇم
بولمىدى (بىراق، بۇنىڭدىكى بىر بۆلەك يۇرت ناملىرى
ياكى تارىخىي شەخس ياكى مىللەت ناملىرىنى ئۇرقۇن
مەڭگۈ تاشلىرىدىكى بەزى ناملار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆ-
رۈشكە بولىدۇ).

بۇ ھۆججەت ئارقىلىق ئۇيغۇر خانى مەلۇم بىر دەۋردە
(تەتقىقاتچىلار بۇ دەۋرنى مىلادى VIII، IX ئەسىرلەر، دەپ
قاراشماقتا) شىمالدىكى بارلىق ئەللەرنى بىر قېتىم چارلاپ
تەكشۈرۈپ چىققان بىر چوڭ تارىخىي ۋەقەدىن خەۋەر
تاپقىلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخىدا خاتىرىلەنمەي قالغان
ياكى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئور-
نىنى تولدۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

بۇ ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان تارىخىي جۇغراپىيىلىك
ئاتالغۇلار تەڭرىتاغنىڭ شەرق تەرىپى، تالاس ۋادىسى ۋە
شەرقىي دېڭىز ساھىللىرىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر چوڭ
دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتتىكى بايانلار
ئارقىلىق مۇشۇ چوڭ دائىرە ئىچىدە ئەينى زاماندا ياشىغان
مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگىلى، شۇن-
داقلا ئۇلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ مۇشۇ
دائىرە ئىچىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشىنىۋال-
غىلى بولىدۇ. چۈنكى شۇ قېتىمقى چارلاشتا مۇشۇ دائىرە
ئىچىدە قانداق ـ قانداق مىللەتلەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى

ئېنىق بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇنا-
سىۋىتىنى ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلگەن.

ھۆججەتتە «نىشاگ» دېگەن شەخسنىڭ نامى كۆرۈلگەن-
لىكىدىن قارىغاندا، ئۇ دەۋر ئۇيغۇرلار ئىچىدە مانى دىنىي
ئەۋج ئېلىۋاتقان دەۋر بولۇشى مۇمكىن.

ھەممىگە مەلۇمكى، مىلادىدىن ئىلگىرى III ئەسىرلەردە
تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشنى-
لىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «ھون» دېگەن نام ئاستىغا. مىلادى
V — VI ئەسىرلەردە بولسا قايتىدىن «تۈرك» دېگەن نام
ئاستىغا توپلىشىپ ئۆتكەندەك، مىلادى VIII ئەسىردىمۇ ئۇلار
يەنە «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئاستىغا توپلىشىشقا باشلىغا-
نىدى. بۇ ھۆججەتتە بايان قىلىنغان چارلاش - تەكشۈرۈش
ۋەقەسى دەل مۇشۇ قېتىمقى چوڭ توپلىنىشنىڭ تارىخىي
پەردىسى ئېچىلىۋاتقان دەۋرنى ئىنكاس قىلىدۇ.

بۇ ھۆججەتتە ئۇچرىمىغان رايونلاردا تۇرۇۋاتقان
ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نامى «ۋۇيىكار». «خويىۋۇر»
«خور» دەپ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.
لېكىن بۇ تۈركىي قەبىلىلەرنى پەرقلەندۈرمەي
ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «خور»
دەپ ئاتىغان.

مىلادى IX ئەسىردە، تۇبۇتلەرنىڭ كېيىنچى بۆلەك-
لىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىگىلەپ تۇرغان بەزى
رايونلارنى تارتىۋېلىپ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر
بىلەن قوشنا ئۆتكەنىدى. ئۇلار دەل مۇشۇ دەۋردە بۇ
تارىخىي خاتىرىنى (ئۇيغۇر خانى ئادەم ئەۋەتىپ شىمالدىكى

ئەللەرنى چارلاپ تەكشۈرتۈپ كەلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن تارىخىي مەلۇماتلارنى) ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى پائالىيەتلەردە پايدىلىنىشى ئۈچۈن قىسمەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ساقلاپ قالغان.

ھۆججەتنىڭ تېكستى① تۆۋەندىكىچە:

...بۇرۇن خور خانى شىمالدا قانچە خان بارلىقىنى چارلاپ كېلىشكە بەش كىشى ئەۋەتىلسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. بۇ ئۇلار يوللىغان مەلۇماتلاردۇر. خان ئىسكىلاتىدىن ئېلىپ چىقىلدى.

بۇ جايدىكىلەر خەنزۇچە جىۋۇر②، دۇرۇگۇچە③ باكىرپالىگ، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئاساسىي خەلق. ئۇنىڭ ئۈستىدە دۇرۇگۇلاردىن 12 بۆلەك ۋوگچۇرلار④ بار. ئۇلار خان ئاسىنا⑤ بۆلىكى، خالى⑥ بۆلىكى، ئاشاسىدە⑦ بۆلىكى، شار دۇلۇۋى⑧ بۆلىكى، لولات⑨ بۆلىكى، پارىسى⑩ بۆلىكى، گىسكۈۋى⑪ بۆلىكى، سونى⑫ بۆلىكى، جولتو⑬ بۆلىكى، يانتى⑭ بۆلىكى، ھېبدال⑮ بۆلىكى، گارگاپور⑯ بۆلىكىدىن ئىبارەت. كىچىك بۆلەكلەردە خان يوق، ئەسكىرى 6000.

ئۇنىڭ شەرقىدە تۈبۈتچە ھې، خەنزۇچە خىزى⑰، دۇرۇگۇچە داتپى، دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۆلەك بار. باشلىقىنىڭ ئىسمى كوگبوگيا. ئەجدادلىرىنىڭ باش سۆڭىكىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتە پەدەزلەپ قەدەھ قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ شەرقىدە دۇرۇگۇچە موگلىك، خەنزۇچە كيۇلى⑱، دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۆلەك بار. شاگتۇگنىڭ⑲ باشلىقى چاڭ چۇڭچى ئىدارە قىلىدۇ. موگلىكلارنىڭ ئېڭىكى كۆكسـ

گىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، ئادەم گۆشىگە ئامراق. ئاتا ـ ئانىلىرى قېرىغاندا ۋە باشقا ياشانغان كىشىلەرنى يالىڭاچلاپ سويىدۇ.

ئۇنىڭ شەرقىدە مونبا بېگىسى[20] بۆلىكى بار...

ئۇنىڭ جەنۇبىدا بېلىققا ئوخشاش سۇ ئارىسىدا ياشايدىغان كىشىلەر بار.

ئۇنىڭ جەنۇبىدا مونباللار[21] بار...

داتېپلارنىڭ شىمالىدا داسىرى[22] بۆلىكى بار. چېدىرلىرىنىڭ تۈۋرۈكىنى بېلىق سۆڭىكىدە ياسايدۇ...

ۋوگچۇرلارنىڭ غەربىدە تۆبۈتچە توققۇز دروگۇ[23]، دەپ ئاتىلىدىغان ۋۇيىكار دودوگ[24] تۇرىدۇ، ياگلىكىر[25]لار، دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دەرۋازىسىغا توققۇز بايراق قادايدۇ.

خويۇۋۇر[26] بۆلىكىنىڭ 6000 ئەسكىرى بار.

ئۇنىڭ شەرقىدە گېتان[27] بۆلىكى بار. خانى ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىۋالغان... تىلى ۋاجالار[28] نىڭكىگە ئوخشايدۇ. خويۇۋۇرلار بىلەن گاھ ئۇرۇش قىلىپ، گاھ تىنچ ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ شەرقىدە داتېپلار بار.

ئەڭ شىمال تەرەپتە گارابېگى[29] بۆلىكى بار. تاغلىرى ئېگىز، يوللىرى خەتەرلىك. ئۆي ھايۋانلىرى چوشقا.

دولىمان[30] بۆلىكى بار جايدىن ئالىي سورتلۇق تېرىق، زاغۇن قاتارلىقلار چىقىدۇ. بۇ جايدا بەش بۆلەك ياشايدۇ. چېدىرلىرىنى قېيىن قوۋزىقىدا ياپىدۇ.

ئۇنىڭ شىمالىدا چەكسىز دېڭىز بار. بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ۋاجالارغا ئوخشاش قامەتلىك، ئۇستىبېشىغا

تېرە ـ يۇك ئارتىۋالىدۇ. قىشتا زېمىنلىرى توڭلاپ يېرىلىپ كېتىدۇ، كىشىلىرى باردى ـ كەلدى قىلىشالمايدۇ، زېمىنى كەڭرى، مۇنبەت.

تۆۋەن تەرىپىدە كېرگېت㉛ بۆلىكى بار. خورلارغا بېقىنىدۇ، هەر يىلى تىيىن تېرىسىدىن باج تاپشۇرىدۇ.

بۇ جايدىن شىمالغا قاراپ ماڭسا يەتتە بۆلەك يېدرېلار㉜ بار، خانى يوق، پات ـ پات خورلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ... ئاق قېيىن دەرىخىدىن تەپچىرەپ چىققان سۇيۇقلۇقتىن مەي ياسايدۇ. يەر شارائىتى خەتەرلىك.

ئۇنىڭ غەربىدە گۇد㉝ بۆلىكى بار. تاغلاردا ساتما ـ كەپە قۇرۇپ ياشايدۇ. بۇغا ـ مارالLارنى ئىشلىتىدۇ. قىشـتىمۇ ـ يازدىمۇ تېرە كىيىدۇ. تېرىگە كۆمۈر سۈركەپ قارا قىلىۋالىدۇ. هايۋانات گۆشى، گروما㉞ مېۋىسى، يەر مەدىكى يەيدۇ. ياۋا چاشقانلار تۆشۈكلەرگە توپلىغان دانلارنى ۋە تۆمۈرتۇمشۇقلار دەرەخ كاۋاكلىرىغا توپلىغان نەرسىلەرنىمۇ يەيدۇ. هەر يىلى خورلارغا هايۋانات تېرىسىدىن باج تاپشۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شىمالىدا، تۆۋەن تەرەپتە كۇچۇۋور㉟ بۆلىكى بار. يەر شارائىتى خەتەرلىك. خورلارنىڭ يارلىقىغا پەسەنت قىلماي پات ـ پات ئۇرۇش قوزغايدۇ.

ئۇ جايدىكى تاغنىڭ كەينىدە خىرتىس㊱ بۆلىكى بار. ئادەملىرىنىڭ كۆزى خىرۇستالدەك پارقىرايدۇ، چاچلىرى چوغدەك قىزىل، هەر خىل ئۆي هايۋانلىرىنى باقىدۇ. ئاتلىرى ياخشى.

ئۇنىڭ شىمال تەرىپى بىپايان قۇملۇق، تاغلىرى ئېگىز. بۇرۇن ئاسىنا خانى زەربە بەرگىلى بارغاندا يولى توسۇلۇپ قالغانىكەن.

تاغنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە شىماللىقلار بار، قامەتلىك، بويى ئۈچ غۇلاچ كېلىدۇ. تېرىدىن ساۋۇت كىيىپ، قوللىرىغا ئوقيا ئېلىپ ئوۋچىلىق قىلىدۇ... ئادەم ئۆلسە هازا تۇتمايدۇ، قەبرە قاتۇرمايدۇ. بالىلىرىنى تىلى چىققاندىن باشلاپلا ئىلاھ - ئەرۋاھلارغا چوقۇندۇرىدۇ...

خېركىس[37] ئەۋەتكەن ئەلچىلەر كەلگەندە «بەش بۆلەكنىڭ چوپانى گاراگاڭلېگلارنى[38] كۆردۈڭلارمۇ» دەپ سوراپتۇ...

ئۇلارنىڭ شىمالىدا باسمىلار[39] نىڭ بەش بۆلىكى بار. ئۇلار خور، گارلوگلار[40] بىلەن ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ ۋوگچۇر خانىغا زەربە بەرگەن. باسمىلارنىڭ خانى ئۇاۇغ خان بولغان. كېيىن خورلار بىلەن گارلوگلار ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ هىيلە تۈزۈپ باسمى خانىنى يوقاتقان. باسمىلار پارچىلانغان... باسمىلارنىڭ زېمىنىدە كېس[41] ۋە بايارگو[42] دەپ ئاتىلىدىغان بۆلەكلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ باشلىقى يېرمىس خىركىن.

خىتوگاس[43] بۆلىكىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى خىكىلكور خىركىن. يەر شارائىتى خەتەرلىك. ئۇلارنى گارلوگلار بويسۇندۇرالمىغان.

ئۇنىڭ شىمالىدا گوكوگ[44] بۆلىكى بار. هېچكىم بىلەن ئۇرۇش - تالاش قىلمايدۇ.

ئۇنىڭ غەربىدە ئون بۆلەك بار. بەزى جايلارنىڭ يەرشارائىتى خەتەرلىك. جايلىرى تۈزلەڭ، يەرلىرى مۇنبەت، يايلاقلىرى كەڭرى.

ئۇنىڭ شىمالىدا ئوت ياندىغان قۇم تاغ بار. تاغنىڭ ئۇدۇلىدا تەگرىخان[45] دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى چوڭ بۆلەك بار. ۋوگچۇرخانى بىلەن خالى خانىنىڭ دۆلەت كۆچى تازا يېتىلگەن زامانلاردا لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە ماڭغان بولسىمۇ يولى توسۇلۇپ قالغان. شۇ زاماندا، بۇ ئىككى كىشى يولدىن ئېزىپ چۆلگە كىرىپ قالغانىكەن. چۆلدە تۆگە ئىزى ئۇچراپتۇ. ئىزنى ئىزلاپ مېڭىپ بىر كارۋانغا يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا، بىر ئايال ئۇچراپ ئۇلار بىلەن درۇگۇچە سۆزلىشىپتۇ. ئايال كىشى بۇ ئىككى خانىنى بىر پىنھان جايغا باشلاپ كېلىپتۇ. ئۇ ئۇۋلىغاچ تۆگىلەرنىڭ كەينىدە ماڭىدىغان بىر تايغان يات ئادەم ھىدىنى سېزىپ قېلىپتۇ. ئايال كىشى ئۇلارنى تايغانغا باش ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. تايغان ئون تۆگىگە يېپىنچا ۋە قۇملۇق چۆلدىن ئۆتكەندە كېرەك بولىدىغان سۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى يۈكلەپ، بۇ ئىككى كىشىنى درۇگۇ ئېلىگىچە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. بۇ يەردىكى تايغانلار ئەسلىدە ئاسماندىن چۈشكەنىكەن. بىرى قىزىل، بىرى قارا ئىكەن. ئۇلار بىر جىلغىدا بىر چىش بۆرىنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. تۇغۇلغان ئەۋلادلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئەي بولماپتۇ. ئاخىر ئۇلار يېقىن جايدىكى درۇگۇ ئاھالىلىرىدىن بىر چوكانىنى ئوغرىلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈپتۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ ئەركەكلىرى تايغاننىڭ سىننى ئېلىپتۇ. چىشلىرى ئادەمنىڭ

سىنىنى ئېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توپ قىزىل ئاياللار قەبىلىسى كېزىل گۇشۇ، دەپ ئاتىلىپتۇ؛ قارا ئاياللار قەبىلىسى گاراگۇشۇ دەپ ئاتىلىپتۇ. تايغان سىنىنى ئالغان تايغان ئەرلەرمۇ ئاياللار بىلەن دۇرۇگۇچە سۆزلىشىدىكەن. قەبىلىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاياللار باشقۇرىدىكەن ۋە ئىشلىتىدىكەن.

بۇ جايدىن ئالدى تەرەپكە ماڭسا ئادەم بارلىقىدىن ئەسەر يوق.

ئۇنىڭ غەربىدە گارلوگلارنىڭ ئۈچ بۆلىكى بار. ئەسكىرى 8000. ئۇلار دورگىيوس[46]، تاجىگ[47] لار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شەرقىدە ئۈچ بۆلەك ئوگياگلار[48] بار. ئۇلار خور خانىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نىشاگ[49] نى ئۆز يېرىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خورلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان.

ئۇنىڭ شىمالىدا، تۆۋەن تەرەپتە دۇرۇگۇلارنىڭ گۇلۇگگو لچور [50] بۆلىكى ۋە يەنە بىر ئىبيالكور [51] دەپ ئاتىلىدىغان بۆلىكى بار. 1000 چە ئەسكىرى بار.

ئۇنىڭ شىمالىدا بېچاناگ [52] بۆلىكى بار. ئەسكىرى 5000. بەزىدە خورلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قويىدۇ.

ئۇنىڭ غەربىدە دۇرۇگۇلارنىڭ يۇنلۇگ [53] بۆلىكى بار. ئادىمى كۆپ، يەرلىرى مۇنبەت. دۇرۇگۇ ئارغىماقلىرى شۇ يەردىن چىقىدۇ.

ئۇنىڭ شىمالىدا، چوڭ قۇم تاغىنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇدخا- تاگلىگ[54] لار بار، پۇتلىرى كالىنىڭ تۇيىقىدەك، بەدىنى تۈكلۈك، ئادەم گۆشىگە ئامراق.

بۇ جايدىن ئالدى تەرەپكە ماڭسا دروگولارنىڭ ياۋايىلىرى بار... ئۇ يەردە بىر ياۋا ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئۈزۈلگەنىكەن. ئۇ ماڭالمىغانلىقتىن. ئۇنىڭ ھەمرالىرى بىر ئاتنى سويۇپ، ئوتۇنلارنى دۆۋىلەپ بېرىپ، قولىغا ئوت ياقىدىغان چاقماق تاشنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر يىرتقۇچ يولۋاس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. يولۋاسنىڭ كەينىدە تۆكلىرى بىگىزدەك، بوينىدا ۋە ئىككى قولتۇقىدا ئالىسى بار بىر چوڭ مۈشۈك بار ئىكەن. پۇتلىرى ئۈزۈلگەن ئادەم ساداق تارتىپ مۈشۈكنىڭ ئالىسىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر چوشقا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭمۇ تۆكلىرى بىگىزدەك ئۆتكۈر ئىكەن ۋە دۈمبىسىدە قاڭشىرىدىن قۇيرۇقىغىچە قىلچىتەك ئۆتتىك قىرى بار ئىكەن. ئۇ دروگو تىلىدا «كوگ يويوگ» دېيىلىدىكەن. يولۋاس بۇ چوشقىنى ئىشقا سېلىپتۇ. گۈگۈم چۈشكەنگە قەدەر × × × × × ؟

× × × ئادەملىرىنىڭ بوي ـ تۇرقى باشقا جاينىڭ ئادەملىرىگە ئوخشايدۇ × × × × كىيىمى كىچىك × × × كۆكسىنى يېپىپ تۇرىدۇ × × × كىچىك چوققا بار × × × گۈللۈك × × × تاغ × × ×

ئىزاھلار:

① تېكىستنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشتا كۆپىنچە ۋاڭ ياۋ ئەپەندىنىڭ ماقالىسى («لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1981 ـ يىل دۆڭخۇاڭ مەجمۇئەسىدە) نى ئاساس قىلدىم. ياپونىيىلىك مورىيا سۇتاكو ئەپەندىنىڭ ماقالىسى («ئاسىيا ـ ئافرىقا تىل ـ مەدەنىيەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1977 ـ

يىل 14 ـ سانىدا) دىن پايدىلاندىم. بۇ ماقالىدە
ئەسلى ئورىگىنالدىكى كەمتۈك يەرلەرنىڭ ئورنىغا × × ×
قويۇلدى. قەدىمكى مىللەت ياكى بۆلەكلەر يەر ـ جاي
ناملىرىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان تەگلىمىسى ياكى خەن
زۇچە تەگلىمىسى ئىزاھلاردا كۆرسىتىلدى. تەتقىق قىلىشقا
چامىم يەتمىگەنلەرگە ؟ قويۇلدى، تازا ئىشەنچ قىلالمىغان
ىمرىمنىڭ كەينىگىمۇ ؟ قويۇلدى.

② 室韦؟

③ تۈرك، 突厥

④ 默啜؟

⑤ 王者阿史那部

⑥ 贺鲁، ياكى 颉利部؟

⑦ ؟

⑧ ؟

⑨ 部剌奴؟

⑩ 失卑؟

⑪ 部吉移؟

⑫ ؟

⑬ 多罗足؟

⑭ 部跌阿؟

⑮ 部哒厌

⑯ ؟

⑰ 黑子؟
⑱ 高丽
⑲ 山东، يەنى «ئۆتكەن» تاغلىرىنىڭ شەرقى.
⑳ 济百子蛮؟
㉑ ؟
㉒ 子鞑؟
㉓ توققۇز تۈرك
㉔ ئۇيغۇر تۇتۇق
㉕ ياغلىقار، 药罗葛
㉖ 回纥
㉗ 契丹
㉘ 吐谷浑؟
㉙ ؟
㉚ ؟
㉛ 契骨؟
㉜ 燕然؟
㉝ ؟
㉞ 人参果
㉟ 斛薛؟
㊱ ؟
㊲ ؟
㊳ ؟
㊴ باسمىل، 拔悉密
㊵ قارلۇق، 葛罗禄
㊶ ؟

㊷ بايارغۇ، 拔曳固

㊸ ؟

㊹ ؟

㊺ تۈبۈتچىسى Gnam - gyi - rgyal - po

㊻ تۈركىش 突骑施؟

㊼ 大食

㊽ ؟

㊾ مانى دىنى ئۇستازلىرىنىڭ بىرى؟

㊿ ؟

51 ؟

52 پىچىنەك، بۇ نام «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنىدۇ.

53 允禄

54 ؟

1983 - يىلى 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1983 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانىدا قىسقارتىپ بېسىلغان.)

# لوشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى

بۇ يىل 5 - ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن بىرقانچە كىشى دالىيەن شەھىرىدىكى لۇشۇن مۇزېيىغا كېلىپ، بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ چىققتۇق. بۇ يەردە يېزىق تارىخىغا ۋە مەتبەئەچىلىك تارىخىغا دائىر تېخى تەتقىق قىلىنمىغان بىرمۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇ يېڭىلىقلاردىن كىتابخانلارنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى يازدىم.

## داگۇ گۇاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە لۇشۇن مۇزېيى

1902 — 1914 - يىللاردا ياپونىيە شىنجاڭ رايونىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن داگۇ گۇاڭرۇي باشچىلىقىدا ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق

جەھەتلەردىكى قىممەتلىك مىللىي مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن بىرقانچە مىڭ پارچە ماتېرىيال توپلىغان. بۇ ئون نەچچە يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە لۈشۈن رايونىنىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق بولغانىدى:

1898 - يىلى چارروسىيە جاھانگىرلىكى لۈشۈن رايونىنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي پورتىغا ئايلاندۇردۇ. 1904 - يىلى ياپون جاھانگىرلىكى لۈشۈن پورتىغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ پورتنى چارروسىيىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن تارتىۋالدۇ ۋە 1917 - يىلى بۇ پورتتا «لۈشۈن مۇزېيى» قۇردۇ.

لۈشۈن مۇزېيىدىكى يولداشلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: داگۇگۇاگرۇي باشچىلىقىدىكى ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا شىنجاڭدىن توپلانغان مىللىي مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى 30 - يىللاردا ياپون ئىشغالىيىتىدىكى «لۈشۈن مۇزېيى»غا سېتىپ بېرىلگەن (يەنە بىر قىسمى جەنۇبىي چاۋشيەنىڭ خەنچېن مۇزېيىغا سېتىپ بېرىلگەن، يەنە بىر قىسمى ياپونىيىگە ئېلىپ كېتىلگەن) ئىكەن.

1945 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي شىمالنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، لۈشۈن مۇزېيىمۇ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن باشلاپ، لۈشۈن رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدا بولغان. 1955 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان.

دېمەك، ياپون ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى شىنجاڭدىن قى-

دىرىپ ئېلىپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىز 70 نەچچە يىلدىن بۇيان يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دەۋر ئۆز-گىرىشلىرى جەريانىدا ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. لۇشۇن مۇزېيىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىرىنىڭمۇ «تەلىيى ئوڭغا تارت-قان» لىرى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان. ھازىر لۇشۇن مۇزېيى كۆرگەزمە زالىدا «تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يا-دىكارلىقلار بۆلۈمى» ناملىق مەخسۇس بىر بۆلۈم ئېچىلىپتۇ. بۇ بۆلۈمدە ئالتە مومىيا ۋە بىرمۇنچە ساپال قاچىلار، قور-چاقلار، ھەيكەللەر، يارماقلار كۆرگەزمە قىلىنماقتا.

## مىلادى VI ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىقى

لۇشۇن مۇزېيىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادى-كارلىقلار» بۆلۈمىدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان «1·344» نومۇر-لۇق ئەر مومىيا ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ مومىيانىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي يىرىك بۆز (ياۋا كەندىر چىگىسىدىن ئىگىرىلگەن يىپ ئارىلاشتۇرۇلغان بولۇشى مۇم-كىن) ئورالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوغما يەڭلىك كەڭ بۆز تون كىيگۈزۈلگەن، بېلىگە بۆزدىن تىكىلگەن بەلباغ باغلانغان، پۇشقىقى بوغما بۆز ئىشتان كىيگۈزۈلگەن. ئىككى پۇتىمۇ بۆزدىن تىكىلگەن بوغقۇچتا چېتىپ قويۇلغان. سول پۇتىغا ئورالغان يىرىك بۆزگە قارا سىيا بىلەن «بىر چان» ۋىلاكىم دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان.

«چان» دېگەن خەنزۇچە «جاڭ» (丈)، يەنى ئون گەز دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە بۇ بۆلۈمدە كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان ئالتە مومىيا بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىنگەن يەنە ئالتە قەبرە خاتىرىسى (قەبرە تېشى) بار. بىراق ھازىر قايسى قەبرە تېشى قايسى مومىيانىڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە يوق. بۇ ئالتە پارچە قەبرە خاتىرىسىدە ئېيتىلغان يىلنامىلەردىن قارىغاندا بۇ ئالتە مومىيا مىلادى 564 -، 569 -، 580 -، 590 -، 610 -، 634 - يىللاردا ۋاپات بولغان كىشىلەر ئىكەن. بۇ يىللار تۇرپان ئويمانلىقىدا كىيۇ جەمەتى① ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدىقۇت خاقانلىقى دەۋرى ئىدى. خاتىرە تاشلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، تۆت مومىيا ئايال، ئىككى مومىيا ئەر ئىدى، بۇ، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئالتە مومىيانىڭ جىنس پەرقى بىلەن ئوخشاش. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «1·344» نومۇرلۇق مومىيا كىيۇ بايار خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان زامانىدىكى «يەنخېنىڭ 4 - يىلى» (مىلادى 610 - يىلى) ۋاپات بولغان كىيۇ فامىلىلىك ئەر كىشى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ماتېرىيال ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خان جەمەتى بولۇپ تۇرغان كىيۇ فامىلىلىكلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مىلادى VI ئەسىردە ئاللىقاچان ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ماددىي پاكىت بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

## ميلادى V — VI ئەسىرلەردىكى مەتبەئە ماتېرىياللىرى

لۇشۈن مۇزېيىدا قەدىمكى شىنجاڭ يېزىقلىرىدا يېزىلغان 300 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ ساق ۋە كەمتۈك ۋاراقلىرى رەتلىنىپ، ئەينەكنىڭ قېتىغا ئېلىنىپ ساقلانماقتا ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، براھمى، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مانى يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخى رەتلەنمىگەن ئالتە بولاق ھەر خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇششاق پارچىلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا. يېڭىدىن رەتلەپ، نومۇر قويۇپ، ئەينەكنىڭ قېتىغا ئېلىپ كۆرگەزمە قىلىش ياكى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان يەنە بىر قىسىم يىپەك رەخت ۋە قەغەزگە سىزىلغان ياكى مەتبەئەدە بېسىلغان ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بىر - ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى قىممەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ بار ئىكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگو قەدىمكى تۆت چوڭ كەشپىيات بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر. بۇ تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرى مەتبەئە ئىدى. مەتبەئەنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا سۆزلەنگەندە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ 1041 — 1048 - يىللاردا تىزما

خەت (مىخ مەتبەئەنىڭ باشلىنىشى) تېخنىكىسىنى كەشپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جېڭگۇەننىڭ 10 - يىلى (مىلادى 636 - يىلى) ياغاچقا ئويۇپ قەغەزگە بېسىلغان «خوتۇن - قىزلار رىسالىسى» دېگەن كىتابمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك ئويما مەتبەئە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا مىلادى VII ئەسىردىلا قوللىنىلغانىدى. بىز لۇشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، شۇ زامانلاردا، يەنى مىلادى VII ئەسىردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئويما مەتبەئە قوللىنىلغان زامانلاردا، شىنجاڭدىمۇ ئاللىقاچان تېكىستلارنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ ئاندىن قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرپ تۈركۈملىرىنى تامغىغا ئويۇۋېلىپ، ئاندىن قايسى لازىم بولسا شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ ئىشلەپ چىقىلغان كىتابلارنىڭ بولغانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى كۆردۇق. (بۇنداق ماتېرىياللار داگۇۋڭگۇاڭرۇينىڭ «غەربىي دىيار خاتىرىسى» دېگەن يېرىك ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان، ماتېرىياللارنىڭ فوتو نۇسخىسىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن). ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، مىلادى V ئەسىردە تۇرپاندا ئويما ۋە تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرىمۇ بۇ مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇلار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماتېرىياللار قىزىققۇچىلارنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىنى كۈتىدۇ.

1984 - يىل 5 - ئاي. لۇشۈن

ئىزاھ:

① «مايترسىمىت» نىڭ توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۈمۈل نۇسخىسىنى كۆچۈرگۈزگەن ۋە ئۆز تىلى بىلەن كىرىش سۆز يازغۇزغان كىشىنىڭ ئىسمى «كيۇ تاشكەن» بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئىدى. قەدىمدە تۇرپاندا قوللىنىلغان قامىلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «كيۇ» قامىلىكلەر جەنۇبىي ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان).

Altunoq

# قەدىمكى قەشقەرنىڭ چېلىشىش ئويۇنى

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا قەدىمكى چېلىشچىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر قىزىل ساپال ھەيكەل ساقلانماقتا. بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتر، كەڭلىكى تۆت سانتىمېتر، قېلىنلىقى 3·2 سانتىمېتر كېلىدۇ. ساقلىنىش نومۇرى «83 BA·q·G :041». بۇ ھەيكەل 1983 - يىلى بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ چوڭ تىم خارابىلىقىدىن تېپىلغان. بۇ خارابە مارالبېشىدىكى قەدىمكى «توققۇز ساراي» ئۆيغۇر ئىمارەتلىرى خارابىسىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇقتا. بۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە بىر - بىرىدىن ئۈچ — تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تۆگە قوتىنى، مارجانلىق، قورغانچە، زەي تىم، قوش تىم، يۇمىلاق تىم قاتارلىق بىرمۇنچە تۇر سېپىل ئىزلىرى بار.

قەدىمكى زاماندىكى تەنھەرىكەت تۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان چېلىشىش ئويۇنىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ كىچىك ھەيكەل شىنجاڭدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم تېپىلغان بىردىنبىر يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ھەيكەلنىڭ قىسمەن جايلىرى ئاللىقاچان

سۇنۇپ ئاجرىلىپ كەتكەن. ھەيكەلدە ئىپادىلەنگەن ئىككى چىلىشچىنىڭ باش ۋە پۇتلىرى كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن چېلىشىش شەكلىنى ئوبدان پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۆيغۇرچە چېلىشىش شەكلى ئىدى. بۇ ھەيكەلدە ئىككى چېلىشچى راسا گىرەلىشىپ كەتكەن. بىر چېلىشچى قارشى تەرەپنى سول يانپىشىغا ئالغان، يانپاشقا چىقىپ قالغان چېلىشچى بولسا شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ قارشى تەرەپنىڭ سول تىقىمى بىلەن ئوڭ مۈرىسىگە گىرە سالغان... بۇ چېلىشىشنىڭ ئەڭ جىددىي، ھەل قىلغۇچ مىنۇتلىرى ئىدى.

بىز بۇ ھەيكەلگە سىڭدۈرۈلگەن نەپىس سەنئەتتىن ياخشى ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن «بۇددانىڭ يېتىلىشى ۋە كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا بايانى» دېگەن بۇددىزم نومىنىڭ «بەل ئاغرىق ۋەجىلىرى» دېگەن بابىدىكى بىر چۆچەكنى ئەسلەپ ئۆتەيلى. بۇ بۇددىزم نومى مىلادى 25 — 220 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ راھىپلىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

... بۇرۇن راجاگىرخا شەھىرىدە① ھېيت - بايرام بولغاندا چوڭ ئاممىۋى مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن. ئەينى زاماندا ئىككى چېلىشچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى، كشادرىيا② تەبىقىسىدىن، يەنە بىرى، براھمان③ تەبىقىسىدىن ئىكەن. ئۇلار بىر چوڭ مۇراسىمدا مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ سىنىشىپتۇ.

بىرىنچى قېتىم براھمان چېلىشچىسى: «بۇ قېتىم مېنى يىقىتما، مەن ساڭا مال - دۇنيا بېرىمەن» دەپ كشادرىيا

چىلىشچىسىغا يالۋۇرۇپتۇ. كىشادرىيا چىلىشچىسى قەستەن بىر قېتىم يىقىلىپ بېرىپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەننىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار خاندىن ئوخشاش مۇكاپات ئېلىپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق چېلىشىش مۇسابىقىسى تۈگىگەندىن كېيىن، براھماز چىلىشچىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. براھمان چىلىشچىسى كىشادرىيا چىلىشچىسىغا بىرىنچى قېتىمدىكىگە ئوخشاش يالۋۇرۇپتۇ. كىشادرىيا چىلىشچىسى ئۇنىڭغا بۇ قېتىمدىمۇ يول قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى يەنە ئوخشاش بولۇپ، مۇكاپاتنى تەڭ ئاپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ براھمان چىلىشچىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلانغاندا، براھمان چىلىشچىسى كىشادرىيا چىلىشچىسىغا: «بۇرۇن قىلغان ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېتىمقىغا قوشۇپ بىر يولى ئادا قىلىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

«بۇ قېتىم مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ كېرىكى يوق» دەپتۇ كىشادرىيا چىلىشچىسى ۋە دەرھال مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن براھمان چىلىشچىسىنىڭ گەجگىسىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن چات ئارىسىدىن گىرە سېلىپ، كۆچەپ بىر قورىغانىكەن، براھمان

چىلىشچىسىنىڭ بېلى «قارس» قىلىپ قومۇش سۇنغاندەك سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كشادرىيا چىلىشچىسى براخمان چىلىشچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

خالايىق كشادرىيا چىلىشچىسىغا ئالقىش ـ ئاپىرىن ياغدۇرۇپتۇ. خان ئۇنىڭغا 100 مىڭ تىللا مۇكاپات بېرىپتۇ...

بۇ چۆچەك تارىختا براھمانىزىم زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، بۇددىزىم ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان دەۋر (مىلادىيىدىن ئىلگىرى V ئەسىردىن كېيىن) نىڭ مەھسۇلىدۇر.

«خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى» دە شىنجاڭنىڭ چىلىشىش ئويۇنى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «چېلىشىش» سۆزى «角触» دېگەن ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ تەھلىل قىلغاندا، ئەينى زاماندا شىنجاڭنىڭ چېلىشىش ئويۇنى بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، ھەش قاپاق كېيىپ، ناھايىتى قىزىقارلىق شەكىللەر بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن مارالبېشىدىن تېپىلغان بۇ چېلىشچىلار ھەيكىلى «توققۇز ساراي» ئۇيغۇر ئىمارەتلىرى خارابىسىدىن تېپىلغان. يىل ـ دەۋرى بۇ خارابىنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش — ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ خارابىنى مىلادىيە VII — X ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى، دەپ قاراۋاتىدۇ.

چېلىشچىسىغا يالۋۇرۇپتۇ. كىشادرىيا چېلىشچىسى قەستەن بىر قېتىم يىقىلىپ بېرىپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىيلەننىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار خاندىن ئوخشاش مۇكاپات ئېلىپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق چېلىشىش مۇسابىقىسى تۈگىگەندىن كېيىن، براھماز چېلىشچىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلىنىپتۇ. براھمان چېلىشچىسى كىشادرىيا چېلىشچىسىغا بىرىنچى قېتىمدىكىگە ئوخشاش يالۋۇرۇپتۇ. كىشادرىيا چېلىشچىسى ئۇنىڭغا بۇ قېتىمدىمۇ يول قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى يەنە ئوخشاش بولۇپ، مۇكاپاتنى تەڭ ئاپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ براھمان چېلىشچىسى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق مۇسابىقە باشلانغاندا، براھمان چېلىشچىسى كىشادرىيا چېلىشچىسىغا: «بۇرۇن قىلغان ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېتىمقىغا قوشۇپ بىر يولى ئادا قىلىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

«بىز قېتىم مال ـ دۇنيالىرىڭنىڭ كېرىكى يوق» دەپتۇ كىشادرىيا چېلىشچىسى ۋە دەرھال مۇسابىقىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن براھمان چېلىشچىسىنىڭ گەجگىسىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن چات ئارىسىدىن گىرە سېلىپ، كۆچەپ بىر قورىغانىكەن، براھمان

چېلىشچىسىنىڭ بىلى «قارس» قىلىپ قىرقىلىش سىزىقى، قاتلىرىدا جەڭگىۋار كىيىمى تەسۋىرلىنىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كىشاردىيا چېلىشچىسى براخمان چېلىشچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

خالايىق كىشاردىيا چېلىشچىسىغا ئالقىش ـ ئاپىرىن ياغدۇرۇپتۇ. خان ئۇنىڭغا 100 مىڭ تىللا مۇكاپات بېرىپتۇ...

بۇ چۆچەك تارىختا براھمانىزىم زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، بۇددىزىم ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان دەۋر (مىلادىيىدىن ئىلگىرى V ئەسىردىن كېيىن) نىڭ مەھسۇلىدۇر.

«خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى» دە شىنجاڭنىڭ چېلىشىش ئويۇنى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «چېلىشىش» سۆزى «角触» دېگەن ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ تەھلىل قىلغاندا، ئەينى زاماندا شىنجاڭنىڭ چېلىشىش ئويۇنى بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، ھەش قاپاق كىيىپ، ناھايىتى قىزىقارلىق شەكىللەر بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن مارالبېشىدىن تېپىلغان بۇ چېلىشچىلار ھەيكىلى «توققۇز ساراي» ئۇيغۇر ئىمارەتلىرى خارابىسىدىن تېپىلغان. يىل ـ دەۋرى بۇ خارابىنىڭ دەۋرى بىلەن ئوخشاش ــ ھازىر شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ خارابىنى مىلادى Ⅶ ــ Ⅹ ئەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى، دەپ قاراۋاتىدۇ.



مەيلى قانداق بولسۇن، شىنجاڭدا جاڭ چيەن ئەلچى بولۇپ كەلگەن يىللاردىلا (مىلادىدىن ئىلگىرى II ئەسىر) چىلىشىش ئويۇنى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ھەيكەلنىڭ تېپىلغانلىقى ئۇيغۇرلاردا بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئويۇن كۆرسىتىپ كۆڭۈل ئېچىش ۋە باتۇرلۇققا ئىلھام بېرىشنى مەقسەت قىلغان چېلىشىش ئويۇنىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

1984 - يىل 7 - ئاي، ئۈرۈمچى

ئىزاھلار:

① راجاگىرخا — قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ماۋۇريا خانلىقى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 321 — 185 - يىللار) دەۋرىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى. سانسكرىتچە مەنىسى «خان ئۆيى».

② كشادرىيا — قەدىمكى ئارىيانلاردىكى تەبىقە نامى، بۇددا دىنىنىڭ قوللىغۇچىلىرى. سانسكرىتچە مەنىسى: «زېمىن ئىگىسى»، «پالۋان».

③ براھمان — قەدىمكى ئارىيانلاردىكى تەبىقە نامى، بۇددا دىنىدىن ئىلگىرىكى براھمان دىنىنىڭ قوللىغۇچىلىرى. ئىستېمال مەنىسى: «ئەھلى - ئىلىملەر». لېكىن بۇ سۆز بۇددىزىم دەۋرىگە كەلگەندە «سۇنغان موللا» دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بولغان.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تۆت خىل تەبىرى

تارىخشۇناسلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا تۈرلۈك تارىختىي خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ تەبىر بېرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ماتېرىيال ئاساسى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا ۋە رادلوف مۇنداق دەپ يازىدۇ:

... ئۇنىڭغا (رىۋايەتلەردىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بوۋىسى) «ئاللا» غا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاغىلىرى، بۇرادەرلىرى، ھەمشىرىلىرى قاتارلىق بىر مۇنچە تۇغقان-جەمەتلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن تىز چۆكتى. ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، زەپەر تويى ئۆتكۈزۈپ ئۆز قوۋملىرىغا، جەمەت ئاقساقاللىرىغا، جەڭچىلەرگە ئىنئام بېرىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبىلىداشلارنىڭ

ئورتاق نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى. بۇ ئاتالغۇ «بىرلەشكەنلەر»، «ھەمكارلاشقانلار» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاتالغۇنى قەبىلىلەر بىرلىكىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق قوللىنىدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىدىغان بولدى...

رادلوف بۇ تەبىرنى مىلادى XVI ئەسىردە يېزىلغان «تارىخ رەشىدى» نىڭ I بابىدىن پايدىلىنىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈچۈن يازغان «كىرىش سۆز»ى ئارقىلىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەبىرنى ئاساس قىلغۇچىلار كۆپەيدى.

2. يۇقىرىدىكى تەبىردىن بۇرۇن، XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئوبۇلغازى ئۆزىنىڭ «تۈرك شەجەرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان:

... ئوغۇزخان ئۇلارغا «ئۇيغۇر» دەپ نام بەرگەن. بۇ تۈركىي سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «ئىتائەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. كىشىلەر ئىچىدە سۈت ئۇيۇيدۇ، ئۇ ئۇيۇشتىن بۇرۇن سۇيۇق ۋە چېچىلىپ كېتىدىغان ھالەتتە بولىدۇ، ئۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ قالىدۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز مۇشۇ «ئۇيۇ» دىن كەلگەن، دېگەن ئوخشىتىشلار بار. كىشىلەر ئارىسىدا يەنە «ئىمام» ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك، دېيىلىدۇ. ئىمام ئولتۇرسا بىز ئولتۇرىمىز، ئىمام قوپسا بىزمۇ قوپىمىز، بۇ «ئىتائەت قىلىش»

ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ھەممىسى ئوغۇزخاننىڭ پى-
شىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تېز چۆككەندە، خان ئۇلارنى
«ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان، دېمەك بۇ «ئىتائەت قىلغۇچىلار»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ...

بۇ تەبىرنىمۇ ئاپتور ئوبۇلغازى «تارىخ رەشىدى» نىڭ
I - بابىنى كۆرگەندىن كېيىن ئالغان چۈشەنچىگە ئاساسەن
تۈزۈپ چىققان. ۋەھالەنكى، رادلوف بىلەن ئوبۇلغازىنىڭ
پايدىلانغان كىتاب مەنبەسى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلارنىڭ چىقارغان يەكۈنلىرىدە پەرق بار. ئوبۇلغازى
«ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇغا تەبىر بېرىشتە تولىراق ئىسلام
ئەقىدىلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشقان.

3. يۇقىرىدىكى تەبىردىن بۇرۇن، مىلادى XI ئەسىردە
يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يۇقىرىدىكىلەرگە
ئوخشىمايدىغان يەنە بىر خىل تەبىر بار:

... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك
خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ
قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايتتى. ئوقنى
ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن
ئاتاتتى. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: «ئىنان
خوزخۇرەند — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئو-
زۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن
ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ
يېيەلەيدۇ»، دەپتۇ...

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى
شۇ بابتا يەنە «خوزخۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئاھاڭ ئۆزگى-

رىش قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، تۈركىي تىللاردا «خ»
نىڭ «ئ» غا، «ز» نىڭ «ي» غا ۋە «خ» نىڭ بەزىدە «غ»
غا ئالمىشىپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، «خوزخۇر» دې-
گەن سۆزنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان-
لىقىنى قەيت قىلغان. شۇنداقلا، يۇقىرىدىكى رىۋايەت ۋە
تەھلىللەر ئارقىلىق «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇغا① ۋاستىلىك
ھالدا تەبىر بەرگەن.

4. يۇقىرىدىكىلەردىن بۆرۈن، خەنزۇچە تارىخىي خا-
تىرىلەردە يەنە مۇنداق مەنبەلەر بار:

...يۈەنخې (元和) نىڭ 4 - يىلى (مىلادى 809 -
يىلى)، ئاي تەڭرىدە بولمىش قامۇغ بىلگە خاقان (يەش-
مىسى: ئاي ئىلاھىدىن تۆرەلگەن، ھەممىگە ئىقتىدارلىق
خاقان). بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى خەنزۇچە خەت بىلەن مۇن-
داق يېزىلغان: (藹德曷里禄没弭施合密毘迦可汗
ئەلچى ئەۋەتىپ، ماللىتىنىڭ نامىنى بۇنىڭدىن ئېتىبارەن
«شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدى-
غان «回鶻» (ئۇيغۇر) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشقا باش-
لاشنى ئۇقتۇرغان... («كونا تاڭنامە» نىڭ 195 - جىلدى-
غا قاراڭ).

(«ئەل تۈتۈش ئۆرنەكلىرى» (资治通鉴) دېگەن
كىتابنىڭ 235 - جىلدىدە بۇ سۆز جېنيۈەن (真元) نىڭ
5 - يىلى (مىلادى 789 - يىلى) ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆز
ئىدى، دەپ قەيت قىلىنغان).

«ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە ھازىرغا قەدەر قە-
دىمكى كىتابلاردا يېزىلغان ئۇچرىغان تەبىرلەر يۇقىرىدىكى

تۆت خىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ئۇستىدە ئىزدىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قانداقتۇر ئالدىنقى ئىككى خىل تەبىرنىلا كۆچۈرۈپ يېزىپ ئۆز ئەسىرى ئۈ-چۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا. ھالبۇكى، «ئۇيغۇر» دېگەن ئا-تالغۇغا تەبىر بەرگەندە كېيىنكى ئىككى خىل تەبىرنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈشكە ۋە تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

1984 - يىل 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.

ئىزاھ:

① «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇرنىلگە يېقىنلاشقاندا» دېگەن دەۋر ئۇ-قۇمى بار سۆزدىن قارىغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز مىلادىدىن ئىلگىرى [illegible] ئەسىردىلا مەۋجۇت ئىدى.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان).

# شىنجاڭ تارىخىدىكى «ھونلار» غا دائىر خەنزۇچە بايانلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

«خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» (汉书•西域传) دە: «غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى مول. ھەممىسىنىڭ سېپىل، قەلئەلىرى، تېرىلغۇ يەرلىرى، چارۋا ـ ماللىرى بار... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ تارىخىي خاتىرە بىزگە شىنجاڭ تارىخىدا مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅱ، Ⅲ ئەسىرلەردە ئۆتكەن بىر قەدىمكى مىللەتنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي ئورنى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. تۆۋەندە بىز يەنە مۇشۇ قەدىمكى مىللەت توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا قانداق بايانلار يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

«تارىخنامە. ھون تەزكىرىسى» (史记•匈奴列传) دە: «ھونلار سۇ ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چارۋا مال ئۇلارنىڭ ئاساسىي بايلىقى. ئۇلار گۆش ۋە سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاشلانغان تېرىدىن كىيىم كىيىدۇ. قەپەز شەكىللىك قېزىلما غارلار ياكى كى-

گىزدىن تىكىلگەن ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. ئاساسلىق ماللىرى ئات، كالا، قوي، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۇلدۇل (騊駼) دەپ ئاتالغان مىنىك ئاتلىرى ئالاھىدە مەشھۇر. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىقتىن قالسا ئوۋچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ» دېيىلگەن.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھون تەزكىرىسى» (后汉书•南匈奴传) دە: «ھونلار ئات مىنىشكە ماھىر، ساداق تارتىپ ئوق ئېتىشقا ئۇستا مەرگەنلەردۇر. ئۇلار تىنچ يىللاردا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يىلنىڭ بېشىدا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئوردىغا يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ. 5 ـ ئايدا چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئەجدادلىرىغا ۋە تەڭرى، ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ. كۈز پەسلىدە ئاتلار سەمرىگەندە يەنە چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ... ئۇرۇش يىللىرىدا بولسا ھەممە كىشى ئاتلىق قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. ئاي قاراڭغۇ بولغان كۈنلەردە ئۇرۇش قىلمايدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلەر «قۇل» قىلىنىدۇ، ئۇلار ھونلار ئۈچۈن قۇدۇق قازىدۇ. سېپىل سوقىدۇ، قەلئە سالىدۇ ۋە ئائىلە خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ» دېيىلگەن.

«تارىخنامە. ھون تەزكىرىسى» دە يەنە ھونلارنىڭ نامى بۇرۇنقى زامانلاردا «淳维» دەپ يېزىلغانلىقى، ھونلارنىڭ خاقانى تۈمەنخان (头曼) ھۆكۈمرانلىقى تۇرغۇزۇلۇشتىن بۇرۇنقى 1000 يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ گاھ كېڭىيىپ، كۈچلىنىپ، گاھ تارىيىپ، پارچىلىنىپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

«تارىخنامە. بەش خان شەجەرىسى» (史记•五帝本记) دە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى سېرىق تەنلىكلەر خانى (黄帝) ھونلار (荤粥) نى شىمالغا قوغلىغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتتىكى ۋەقەنىڭ يىل - دەۋرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى سۇلالىلەرگە دائىر يازما خاتىرىلەردىمۇ ھونلار ھەققىدە ئاز - تولا بايانلار بار: شيا (夏) سۇلالىسى دەۋرىگە ئالاقىدار رىۋايەتلەردە ھونلارنىڭ «荤粥» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈزلىرىگە قوشنا ئەل ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى شاڭ (商) سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى XVI—XI ئەسىرلەر) گە دائىر خاتىرىلەردە، ھونلارنىڭ نامى «鬼方» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، يىن پادىشاھى ۋۇدىڭ خاننىڭ ئۇلار بىلەن ئۈچ يىل ئۇرۇش قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي جۇ (西周) دەۋرىگە دائىر خاتىرىلەردە، ھونلارنىڭ نامى «猃狁» دەپ يېزىلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ كۆپ ھاللاردا بۇ ئەلگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغانلىقى، بۇ ھەقتە جۇ سۇلالىسى خەلقى ئارىسىدا «ئەل پاراكەندە ھونىنىڭ دەردىدە» دېيىدىغان قوشاق بارلىقى ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېپىل - قوۋۇقلار بىنا قىلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

چۈنچيۇ - جەنگو (春秋战国) دەۋرلىرىگە دائىر خاتىرىلەردە ھونلارنىڭ نامى «戎» ياكى «狄» دەپ يې-

زىمىدىغانلىقى، ھونلارنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقى
ۋە خۇاڭخې ۋادىسىدا بىر دۆلەت قۇرغانلىقى قاتارلىقلار
تىلغا ئېلىنىدۇ.
«تارىخنامە. چىن شىخۇاڭ نەسەبنامىسى»
(史记•秦始皇本记) دىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221-
يىلى چىن شىخۇاڭ ئالتە دۆلەتنى تىنجىتىپ، پۈتۈن جۇڭ-
گونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 300 مىڭ ئاتلىق
ئەسكەر چىقىرىپ ھونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تىنجىتقانلى-
قى ۋە چىن، جاۋ، يەن قاتارلىق دۆلەتلەر ھونلاردىن مۇ-
داپىئەلىنىش ئۈچۈن ئالىلقاچان بىنا قىلىپ بولغان سېپىل-
لارنى بۇ دەۋردە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ
گەنسۇنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسىگىچە يەتكۈزۈپ تارىختا مەشھۇر
«سەددىچىن سېپىلى» نى شەكىللەندۈرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.
«خەننامە. ھون تەزكىرىسى» (汉书•匈奴传) دە:
«(مىلادىدىن ئىلگىرى 209 - يىلى) ھونلارنىڭ خاقانى
تۈمەنخان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى باتۇر (冒顿) تەختكە
چىققاندىن كېيىن، ھونلارنىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋرى بول-
دى. ئۇ توخرى (大月氏)، تۈرا (丁令)، ئۇيسۇن (乌孙)
قاتارلىق 26 ئەلنى بويسۇندۇرۇپ، جەنۇب تەرىپى يىنشەن
تاغلىرىدىن، شىمال تەرىپى بايقال كۆلىگىچە، شەرق تە-
رىپى لياۋخې ۋادىسىدىن، غەرب تەرىپى كۆكئارت (پامىر)
تاغلىرىغىچە بولغان دائىرىنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈمرانلىق
قىلدى. ھونلارنىڭ چوڭ باشلىقى ‹تەڭرىقۇت›
(撑犁孤涂) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىي قىسملىرى
‹ئوڭ قانات›، ‹سول قانات› دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، ‹تۈمەن

بېگى›، ‹مىڭ بېگى›، ‹يۈز بېگى›، ‹ئون بېگى› دەيدىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بار. شۇ زامانلاردا غەربىي دىياردا ‹تومپۇدۇيۇ› (僮仆都尉) دەپ ئاتىلىدىغان مەھكىمە تەسىس قىلىغان، ئۇنىڭ ئورنى قارا شەھەردىن كۆنچىگىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ مەھكىمە غەربىي دىياردىكى ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىدىن باج - سېلىق ئېلىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

«ئوكيانۇس» (辞海) نىڭ «ھون» بابىدا: «شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ گۇاڭ ۋۇدى خان زامانىسى (مىلادى 48 - يىلى) دا ھونلار شىمالىي ھون، جەنۇبىي ھون دەپ ئىككىگە پارچىلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن شىمالىي ھونلار ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولۇپ، شىمالىي ھونلار قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى. مىلادى Ⅳ ئەسىردە ياۋروپادا ‹ھون› دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت پەيدا بولغانلىقى ئايان بولدى. ئۇلار ئاتىلاخان باشچىلىقىدا شەرقىي رۇم سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئارالچە دېڭىزىدىن رېيىن دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. ھازىرقى ۋېنگرىيە دەل شۇ زاماندىكى ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان ئەل ئىدى»، دەپ يېزىلغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردە، (مىلادى 64 - يىلى) جەنۇبىي ھونلاردا بىر پارچە تېررىتورىيە خەرىتىسى بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ، خە-

رىتىچىلىك تارىخىدا يىل - دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن خەرىتە، دەپ ھېسابلىنىدۇ.

«خەننامە. ھون تەزكىرىسى» دە ھون تىلىدىكى بىر مۇنچە ئاتالغۇلار خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ سۆزلۈكلەر زامانىمىز ئۈچۈن ھونلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىردىنبىر تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، خاتىرىلەردە: «ھونلار ئۆزلىرىنى خور (胡) دەيتتى»، «ئاسمان ياكى ئىلاھنى تەڭرى (撑犁) دەيتتى»،« ئوغلى دېگەننى قۇت (孤涂) دەيتتى»... دېيىلگەن. دۇنيادا نۇرغۇن تىلشۇناسلار مۇشۇنداق تىل ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق - مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ھونلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئىدى، دېگەن ئىلمىي يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەكۈننى ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىكى ئۇيغۇر (回鹘 ياكى 回纥) توغرىسىدا بېرىلگەن بايانلارنىڭ ھەممىسىدە، ئۇيغۇرلارنى «ھونلارنىڭ بىر تارمىقى» (匈奴别种) ئىدى، دەپ ئېنىق ئېيتىلىدۇ.

1985 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتى ۋەسىقىلىرى ھەققىدە

## — كاروشتى ۋەسىقىلىرىدىكى بىرقانچە يۇرت نامىلىرى ھەققىدە قوشۇمچە مۇلاھىزە

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم كاروشتىچە ① ۋەسىقىلەر تېپىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغا قەدەر 80 يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى چەت ئەللەردە تەتقىق قىلىندى. كېيىن يەنە داۋاملىق تېپىلدى، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇلار تېخى تەتقىق قىلىنىشقا باشلانمىدى.

ئىلگىرى تېپىلغانلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق:

ئاۋرېل ستېيىن② نىڭ «سېرئىندىيا»③ ناملىق يىرىك ئەسىرى 1921 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئوكسفورت شەھرىدە نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدا ستېيىن 2 - قېتىملىق

ئېكسپېدىتسىيە (1906 — 1908 - يىللار) ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ نىيە، ئەندىرە ۋە كروران قاتارلىق بىرقانچە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىرىپ تاپقان كاروشتى ۋەسىقىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋە بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ فوتو نۇسخىسى بېسىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەتقىقات باشلاندى. 1927 - يىلى بويېر، راپسون، سېنارتلاردىن تەركىب تاپقان بىر تەھرىر ھەيئىتى تەشكىللەندى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ - تەھرىرلەپ، «كاروشتى يادنامىلىرى» ناملىق ئەسەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ كىتابمۇ ئوكسفورتتا نەشر قىلىندى. بۇ كىتابقا 708 پارچە ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە بىر قىسىم ۋەسىقىنىڭ فوتو نۇسخىسى كىرگۈزۈلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، چەت ئەللەردە كاروشتى تەتقىقاتى بويىچە بىر چوڭ قىزىقىش بارلىققا كەلدى. ھىندىشۇناسلار، ئىرانشۇناسلار، ئوتتۇرا ئاسىيا شۇناسلار ... بۇ ۋەسىقىلەرنى ھەدەپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز تىللىرىدا يەشمە بېرىشكە باشلىدى. تەتقىقات ئەسەرلىرى ئىچىدە ت. بۇررووۇنىڭ ئەسەرلىرى بىر-قەدەر مەشھۇر بولۇپ تونۇلدى. ئۇ 1940 - يىلى «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتىچە ۋەسىقىلەرنىڭ تىلى» ناملىق بىر كىتاب تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «شىنجاڭدىن تېپىلغان كاروشتىچە ۋەسىقىلەرنىڭ يەشمىسى» (ئىنگلىز تىلىدا) نى تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى.

ئارخېئولوگىيىدە ئىسپاتلىنىشىچە، كاروشتى ۋەسىقىلىرى تېپىلغان قەدىمكى يۇرتلار مىلادى III، IV ئەسىرلەردىلا

ئاللىقاچان قوللىنىشقا باشلانغان، ئىنسان ياشىيالمايدىغان چۆل ـ جەزىرىگە ئايلىنىپ بولغان. بۇ يۇرتلاردىن تېپىلغان كاروشتى ۋەسىقىلىرىنىڭ مەزمۇنى، يەنى ئۇنىڭدىكى يۇرت ناملىرى، شەخس ناملىرى، مەنسەپ ناملىرى ۋە دانلىق زىرائەت، ئىقتىسادىي زىرائەت، ھايۋانات، چارۋا ـ مال، ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىيا قاتارلىقلارنىڭ ئاتالغۇلىرى بىزنى ئاز دېگەندە بۇنىڭدىن 1600 يىل بۇرۇنقى تارىخ بىلەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كاروشتى ۋەسىقىلىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە. ئەپسۇسكى، كاروشتى ۋەسىقىلىرى تېپىلىپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، بۇنىڭدىكى تارىخىي تىل ماتېرىياللىرىنى تېخى بىرەر ئالىم شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يەرلىك تىللىرى، مەسىلەن، قەدىمكى تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلمىدى. تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسلىرىمۇ تېخىچە كاروشتى ۋەسىقىلىرىدىكى ھەربىر سۆزلۈكىنى ئايرىپ چىقىپ ئىزاھات بېرەلىگەن بىرەر لۇغەت تەييارلىمىدى، ئۇلار، كاروشتى ۋەسىقىلىرىدىكى سۆزلۈكلەرنى تۈركىي تىللار بىلەن ياكى شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىك تىللىرى، بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ.

× ×

14 ـ نومۇرلۇق كاروشتىچە ۋەسىقىدە شامىكا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ چالمادانا (Calmadana)، ساچا (Saca)

**نىنا (nina)، جادوتا (Cadota) دېگەن تۆت يۇرتتىن**
ئۆتۈپ كهوتان (khotan) غا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ۋە ئۆزىگە نىنادىن كهوتانغىچە مۇھاپىزەتچى (ياكى يول باشلىغۇچى) بولۇپ كەلگەن كىشىگە ھەق بېرىش توغرىسىدا كهوتان خانىغا ئىلتىماس قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ۋەسىقىدە كهوتانغا ئەلچى بولۇپ بارغان كىشىنىڭ قايسى يۇرتتىن ئەۋەتىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئۇ بېسىپ ئۆتكەن بىرقانچە يۇرت ناملىرىغا قاراپ ئېيتقاندا، ئۇ ئېھتىمال كىروران (خەنزۇچە 楼兰) دىن ئەۋەتىلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ بۇ ئەلچىنىڭ كهوتان خانىغا پەقەت نىنادىن كهوتانغىچىلا بىللە كەلگەن كىشى ئۈچۈن ھەق بېرىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، نىنادىن كهوتانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇرتلار ئەينى زاماندا كهوتان خانىغا تەۋە بولۇپ تۇرغان يۇرتلار (ياكى شەھەر دۆلەتلىرى) بولۇپ، قالغانلىرى باشقا خانلىققا تەۋە بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

بۇ بىر پارچە ۋەسىقىدە جەمئىي بەش يۇرتنىڭ نامى بار (ئۇنىڭ ناملىرى يۇقىرىدا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ ئۆتۈلدى). بۇ يۇرت ناملىرى توغرىسىدا مېنىڭ مۇلاھىزىلىرىم تۆۋەندىكىچە:

(1) «كهوتان» (ترانسكرىپسىيىدە khotan) دېگەن نام خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان خاتىرىلەردىمۇ khotan، خەنزۇچە «خەننامە» دە 于阗 (قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا ütien دەپ تەلەپپۇز قىلىناتتى) دەپ يېزىلغان، مىلادى

397 — 439 - يىللاردا خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان «ماھا سانىپادا سۇترا» دېگەن بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى توپلىمىدا «优地那耶» (بۇ خەتلەرنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى ütiana) دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىدىن ھىندىستانغا بۇددا نوملىرىنى ئالغىلى بارغان شۇەنجۇاڭ «瞿萨旦那» (قەدىمكى تەلەپپۇزى kosatana) دەپ خاتىرىلىگەن ۋە ئۇنى ھونلارنىڭ «于遁» (قەدىمكى تەلەپپۇزى ütiün) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، باشقا خور (胡) ئەھلىلىرى بولسا «豁丹» (قەدىمكى تەلەپپۇزى kuttan) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. مىلادى XI ئەسىردىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «üdün» دەپ خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە كىتابلاردا «兀丹» (قەدىمكى تەلەپپۇزى uwtan) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يۇرتنىڭ نامى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «خوتەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى تىل ماتېرىياللىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەنبە سۈرۈشتۈرۈپ، يىل - دەۋرىنى رەت بويىچە تىزىپ فورمىلاشتۇرۇپ چىقسا، مۇنداق ئىككى خىل شەكىل ھاسىل بولىدۇ:

بىرىنچى شەكىل:

uwtan ‹üdün ‹ütian ‹ütien ‹ütiün، يەنى ھون تىلىدىكى ئاتاش، خەننامىدىكى ئاتاش، ماھاسانىپادا سۇترادىكى ئاتاش، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئاتاش، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاش، بىرلا ئۆزئارا مەنبەداش بولۇپ،

يىل ـ دەۋرى بويىچە رەتلىگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى ھون تىلىدىكى «ütiün» نى مەنبە قىلغان.

ئىككىنچى شەكلى:

kuttan<kostana<khotan<khotan، يەنى كاروشتى تىلىدىكى ئاتاش، خوتەن ساك تىلىدىكى ئاتاش، سانسكرىت تىلىدىكى ئاتاش، خور ئەھلىلىرىنىڭ تىلىدىكى ئاتاش، بۇلار ئۆزئارا مەنبەداش بولۇپ، بۇلارنى يىل ـ دەۋرى بويىچە رەتلىگەندە ھەممىسى كاروشتى تىلىدىكى ئاتاشنى مەنبە قىلغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «خوتەن» دېگەن ئاتاشنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل شەكىلنىڭ قايسىبىرى بىلەن فورمىلاشتۇرۇشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھامان ئىككىنچى شەكىلگە يېقىن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلگىلى بولىدۇ.

«خوتەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا، شۈەن جۇاڭنىڭ خاتىرىسىدە كاروشتى ۋە خوتەن ساك تىللىرىدىكى «khotan» دېگەننى سانسكرىت ئىملا قائىدىسى بويىچە «kostana» دەپ يېزىپ، بۇ سۆزگە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىلى بويىچە ئوغۇز سۈتى بەرگەن يۇرت، دېمەكتۇر» (唐言地乳) دەپ ئالاھىدە ئىزاھات بېرىلگەن④.

يۇقىرىدىكى بىرىنچى شەكىلنىڭ مەنبەسى بولغان ھون تىلى بىلەن ئىككىنچى شەكىلنىڭ مەنبەسى بولغان كاروشتى تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنى قايسىنىڭ يىل ـ دەۋرى ئۇزۇن؟ نېمە ئۈچۈن

خوتەننىڭ نامى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزى بىلەن بىر تىل گۇ-رۇپپىسىدىكى (تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىكى) ھون تىلى ئاساسىدا ساقلىنىپ قالماي، بەلكى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدى-كى كاروشتى تىلى ئاساسىدا ساقلىنىپ قالغان؟... دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھازىر تىل ماتېرىياللىرى تېخى كەملىك قىلىدۇ.

(2) «نىنا» (ترانسكرىپسىيىدە nina) دېگەن نامنىڭ ترانسكرىپسىيىسى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇچرىمايدۇ. بۇ نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «نىيە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. دېمەك بۇ ئاتالغۇ كاروشتى تىلىدىن بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ تىل مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «پراكرىت سۆزلۈكى» دىن پاي-دىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا «نىنا» (مەنىسى ئويمانلىق) ۋە «نىيە» (مەنىسى قوۋۇق، قامال، ئۆتەڭ) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

(3) «جالمادانا» (ترانسكرىپسىيىدە calmadana ياكى chammadana) دېگەن نام خەنزۇچە «خەننامە» دە 且末 (قەدىمقى تەلەپپۇزى chamma) دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ جۇاڭنىڭ خاتىرىسىدە 折摩驮那 (قەدىمكى خەنزۇچە تەلەپپۇزى chammadana) دەپ يېزىلغان. بۇ تىل ماتېرى-ياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ـ رەتلەپ چىققاندا مۇنداق بىر شەكىل ھاسىل بولىدۇ:

chammadana < chamma < calmadana دېمەك خەن-زۇچىدىكى «且末» دېگەن سۆز كاروشتى تىلىدىكى ئاتاشنىڭ

ترانسكرىپسىيەسى بولۇپ، ئۇنى شۋەنجۇاڭ سانسكرىت ئىملا قائىدىسى بويىچە يېزىپ چىققان.

بۇ ئاتالغۇنىڭ تىل مەنىسىنى يېشىش ئۈچۈن «پالى سۆزلۈكى» دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا «chama» (مەنىسى زىرائەت ئۈندۈرىدىغان تۇپا، تېرىم) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەرچەن شېۋىسىدە «چالما» دەپ ساقلىنىپ قالغان (مەنىسىمۇ ئوخشاش). «dana» دېگەن سۆز «stana»، (يۇرت، ماكان، ئەل) دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. دېمەك، بۇ ئاتالغۇ تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يۇرت، دېمەكتۇر.

بۇ قەدىمكى يۇرت ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «چەرچەن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ «calmadana» بىلەن تىل باغلىنىشى يوق، بەلكى كروران خانلىقىنىڭ بىر شەھىرى بولغان «shamshan» (鄯善) نىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ ناملار كېيىنكى دەۋرلەردە قانداق قىلىپ ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بۇ تىل ماتېرىياللىرى بىلەن تارىخىي جۇغراپىيە مەلۇماتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ پەرەز قىلغاندا، «جالمادانا» ھازىرقى چەرچەندە، «شامشان» ھازىرقى چەرچەننىڭ شىمال تەرىپىدە، يەنى چەرچەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىمىدا بولۇشى مۇمكىن.

(4) «ساجا» (ترانسكرىپسىيەدە saca) دېگەن يۇرتنىڭ ئورنى ھازىرقى چەرچەن بىلەن نىيەنىڭ ئارىلىقىدا. بۇ يۇرت نامى ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالمىغان.

(5) «جادوتا» (ترانسكرىپسىيىدە cadota) دېگەن. يۇرتنىڭ ئورنى ھازىرقى نىيە بىلەن خوتەننىڭ ئارىلىقىدا. بۇ يۇرت نامىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالمىغان.

× ×

ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، كاروشتى يېزىقى شىنجاڭدا كەم دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرگىچە تەخمىنەن 700 يىل داۋام قىلغان. ئۇ لوپنۇر كۆلى رايونىدىن خوتەنگىچە بولغان بىر چوڭ دائىرە ئىچىدە قوللىنىلغان. بۇنداق يېزىق ھىندى ۋادىسىدىمۇ ئۇچرىتىلدى. ژەھالەنكى، كاروشتى يېزىقىنى قوللىنىپ ئۆتكەن قەدىمكى مىللەت شىنجاڭغا ھىندى ۋادىسىدىن كەلگەنمۇ ياكى ھىندى ۋادىسىغا شىنجاڭدىن بارغانمۇ؟ ئۇلار ئەڭ بۇرۇن قەيەردە ياشىغان؟ «كاررشتى يېرىقى» دەپ ئاتالغان بۇ خىل يېزىقنى گويا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئوردا خەتچەكلىرىنى، مەرسىيە مەڭگۈ تاشلىرىنى يېزىشتا قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىپ ئۆتكەندىكىگە ئوخشاش ⑤ شەكىل بىلەن قەدىمدە بۇ رايوندا ياشىغان تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر قوللىنىپ ئۆتكەنمۇ؟ ... بۇ مەسىلەرنى دۇنيادىكى ئالىملار ئۇزۇندىن بۇيان مۇھاكىمە قىلماقتا. تېخى ئېنىق يەكۇن چىقىرىلمىدى.

ئەگەر كاروشتى تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بولسا. يۇقىرىدىكى مەسىلەرنى تەتقىق

قىلىش ئۈچۈن كېرەككە كېلىدىغان بىرمۇنچە تىل ماتېرىياللىرى مەيدانغا كېلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈلگەن كاروشتىچە يۇرت ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىۋاسىتە ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالغان بىرمۇنچە كاروشتىچە سۆزلۈكلەر بار. مەسىلەن، كاروشتى تىلىدىكى «ئاشپىشتا» (مەنىسى بېدە) دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «ئاشبېدە» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە...

ئەگەر قەدىمدە شىنجاڭدا كاروشتى تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر مىللەت بولۇپ ئۆتكەن، دېگەن خۇلاسە مەيدانغا كەلسە، شۈبھىسىزكى، ئۇ مىللەتنىڭ پۈتۈنلەي كۆچۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە يوق. دېمەك، ئۇ مىللەت كېيىنكى مەلۇم بىر دەۋردە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كاروشتى ۋەسىقىلىرىدە مەلۇم بولغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار ۋارىسلىق قىلىۋاتقان تارىخىي مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلاش لازىم.

1985 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى

ئىزاھلار:

① «مۇقەددەم ئەرەب يېزىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋارىيانتلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانىدا) غا قاراڭ. ئۇنىڭدا كاروشتى يېزىقى ۋە تىلى بىرقەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ مەزمۇنلار مەزكۇر ماقالىدە تەكرارلانمايدۇ.

② ئاۋرېل ستېيىن (1862 — 1943 - يىللاردا ئۆتكەن) ھايات يىللىرىدا ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت ئەمەلدارى بولغان. ئۆزى ۋېنگىرىيىلىك.

③ «سېرئىندىيا» دېگەن سۆز «سېر» (يىپەك، يىپەك يۇرتى،) بىلەن «ئىندىيا» (ھىندىستان) نى قوشۇپ ياسىغان قوشما سۆز بولۇپ، ئاپتور بۇ نام ئارقىلىق شىنجاڭنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان.

④ «ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېيىنكىلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» گە قاراڭ. ئۇنىڭدا «كھوتان» توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت تەپسىلىي بېرىلگەن.

⑤ «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، «جۇ تارىخى»، «كونا تاڭنامە» قاتارلىق خەنزۇچە قەدىمكى تارىخىي كىتابلارنىڭ تۇرپان توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە، «فۇجۇ (تۇرپان) دا خۇاشيا (خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ نامى) چە يېزىق قوللىنىلاتتى، خۇر (ئۇيغۇر) لار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئوقۇيتتى» دەپ يېزىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن بىر سۆزگە بېرىلگەن تەبىرىدىمۇ تۇرپاندا ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بارلىقى، ئۇلار ئۇردا خەت - چەكلىرىنى شۇنداق يېزىقتا يازىدىغانلىقى ئېنىق ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى» شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان).

# ئەجدىھاغا چوقۇنۇشنىڭ كىتاب مەنبەسى

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدا ئەجدىھا نۇسخىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدە ئەجدىھانى نېمىگە سىمۋول قىلغانلىقى، ئۇنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ھازىر كىشىلەر تەپسىلىي بىلىشنى خالايدىغان ۋە بۇ جەھەتتە تىرىشىپ تارىخىي مەنبە ئاختۇرۇۋاتقان تېما. مېنىڭ بۇ جەھەتتە ئىزدەنگەنلىرىم ۋە چۈشەنچەم تۆۋەندىكىچە:

كۇچارلىق مەشھۇر بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا (مىلادى 344 — 413 - يىللاردا ئۆتكەن) خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان «مايترىيا ۋياكارانا» (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى — مايترىنىڭ دۇنياغا كەلمىشى) ناملىق بۇددا دىنىي كىتابىدا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مىلادى 250 — 200 - يىللاردا شىنجاڭلىق راھىبلار تەرىپىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان «مايترىيا پراپرچچا» (سانسكرىت تىلىدا مەنىسى — مايترىنىڭ ئەقىل - پاراستى) ناملىق بۇددا دىنىي كىتابىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە:

... ساكيامۇنى (بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى) نىڭ ئانىسى «ماھامايا» خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن، «ئەرش» تىكى ئاتالمىش كېچە بولمايدىغان يورۇقلۇق، شاد ـ خۇراملىق دۇنياسىنىڭ «سۇكھاۋاتى» (سانسكرىت تىلىدا مەنىسى — بەخت ۋادىسى) ناملىق بىر قورۇسىغا چىقىپ كەتكەنمىش. شۇنىڭدىن كېيىن مايترى ناملىق يەنە بىر ئەۋلىيا شۇ قورۇدا تۇغۇلغانمىش. ئۇ ئەۋلىيا 4000 يىلدىن كېيىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ «ناگا» (سانسكرىت تىلىدا مەنىسى ئەجدىھا) دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ئادەمزات بولۇپ يارىلارمىش...

بۇ دىنىي ئەپسانە بىزگە، قەدىمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا مايترى بۇدداغا چوقۇنىدىغان بىر دىنىي مەزھەپنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى چۈشىنىشىمىزگە بىۋاسىتە ياردەم بېرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دىنىي ئەپسانىگە ئاساسەن، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىچىدە كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان مايترى بۇدداغا چوقۇنىدىغان بىر دىنىي مەزھەپ شەكىللەنگەن. ئۇلار كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان مايترى بۇدداغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەجدىھا ھەيكىلى ياسىتىپ ياكى ئەجدىھا رەسىملىرىنى سىزغۇزۇپ، ئۇنى دائىم ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلغان، ھەتتا مايترىغا چوقۇنىدىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەككە ياكى جەسەت ساندۇقىغا ئەجدىھا رەسىمىنى سىزىپ ياكى نەقىش

قىلىپ ئۆيدۈرۈپ بىللە دەپنە قىلغان. بۇنداق ئېتىقاد شەكلى بارا-بارا ئاممىۋى ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغان (قەدىمكى كۇچار رايونىدا دەل مۇشۇ دىنىي مەرھەپ تەرەققىي قىلغان).

ھەممە كىشىگە مەلۇمكى، بۇددا دىنى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئارىيانلار (بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان، كېيىن بىر بۆلىكى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 5000-يىللاردا ھىندى ۋادىسىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى مىللەت) ئارىسىدا ئىجاد قىلىنغان. ئەجدىھا ئوبرازىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىدىغان بۇنداق قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتمۇ بۇددىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا يەنىلا ئارىيانلار ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان (بۇنداق ئۆرپ-ئادەت شىنجاڭنىڭ بۇددىزم سەنئىتى ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن). شۇنداقلا ئۇ بۇددىزم بىلەن بىللە باشقا رايونلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە تارالغان، ھەتتا راۋاجلاندۇرۇلۇپ «ئەجدىھا ئويۇنتىش» دەپ ئاتىلىدىغان ئاممىۋى سەنئەت شەكىللىرىمۇ بارلىققا كەلگەن.

بۇددا دىنى مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە تارىم ۋادىسىغا، كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. ئەجدىھا ئوبرازىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىدىغان بۇنداق ئۆرپ-ئادەتنى ئالدى بىلەن تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قوبۇل قىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، بولۇپمۇ

تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىز-خارابىلەردىن ئەجدىھا نۇسخىلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ تېپىلغانلىقى دەل بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنداق قەدىمكى ئۆرپ-ئادەت شىنجاڭدا ئىسلام دىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىغاندىن كېيىن (قەشقەر، خوتەنلەردە مىلادىيە XI ئەسىردىن كېيىن، كۇچاردا XIII ئەسىردىن كېيىن، تۇرپاندا XV ئەسىردىن كېيىن) تەدرىجىي ھالدا يوقالغان.

1985-يىل 7-ئاي، ئۈرۈمچى.

(بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1985-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل تارىخىغا دائىر ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى

ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىر كىشى يالغۇز ئوينىيالايدىغان، كۆپ كىشى ماسلىشىپ كوللېكتىپ ئورۇنلاشقىمۇ بولىدىغان، ئۆيلەردىمۇ، دالاندىمۇ، سەھنىلەردىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدىغان جانلىق، ھېسسىياتقا باي، ئۆزگىرىشچان، شوخ، كىيىم - زىننەتلىرى كۆركەم ۋە نازاكەتلىك سەنئەت شەكلىدۇر.

ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى ئەڭ كەم دېگەندە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 4000 - يىللاردىن باشلاشقا بولىدۇ:

1 - رەسىمدىكى ئۇسسۇل شەكلى: چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچە دەرياسى جىلغىسىدىكى قىيا رەسىملىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا بىرەر خىل مۇزىكا ياكى ناخشا تەڭكەش قىلىنغان كۆرۈنۈش يوق. بۇ رەسىم ماتېرىياللىرى «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە 1985 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئاپتور بۇ

قىيا رەسىملىرىنىڭ يىل ـ دەۋرىنى بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىل بۇرۇن تاشقا چېكىلگەن، دەپ قارىغان. (؟)

2 – رەسىمدىكى ئۇسسۇل شەكلى: قورۇقتاغ قىيا رەسىملىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىمۇ مۇزىكا ياكى ناخشا تەڭكەش قىلىنغان كۆرۈنۈش يوق. لېكىن بەدەن ھەرىكىتى ئالدىنقىسىدىن گۈزەل. بەلكى ئۇ تولغىنىپ ئوينايدىغان



بىر خىل ئۇسسۇل شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ رەسىم ماتېرى-
ياللىرى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە 1984-
يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ئاپتور بۇ رەسىملەرنىڭ
يىل - دەۋرىنى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن تاشقا چې-
كىلگەن دەپ قارايدۇ. (؟)

3 - رەسىمدىكى ئۇسسۇل شەكلى: باي ناھىيىسىنىڭ
قىزىل مىڭئۆيى بۇددىزم غارلىرىنىڭ 38 - نومۇرلۇق غا-
رىدا كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا چاۋاك - ئالقىش تەگكەش قىلىن-
غان. بەدەن ھەرىكىتى، كىيىم - زىننەتلىرى نازاكەتلىك.
شوخلۇقمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ يىل-
دەۋرى مىلادى III ئەسىر.

4 - رەسىمدىكى ئۇسسۇل شەكلى: تۇرپان ئاستانە قەب-
رىستانلىقىدىكى مەلۇم بىر قەبرىدىن تېپىلغان قەبرە رەسىم-
لىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ قەبرىنى 1916 - يىلى ستېين قاز-
غان ۋە ئۇنىڭدىن مىلادى IV ئەسىرگە تەئەللۇق، يەنى
«شېڭپىڭنىڭ 8 - يىلى» (مىلادى 364 - يىلىغا توغرا
كېلىدۇ) دېگەن يىلنامە يېزىلغان ھۆججەت تېپىلغان. بۇ-
نىڭدىكى ئۇسسۇل شەكىللىرىگە ناغرا، نەي تەگكەش قىلىن-
غان. بەدەن ھەرىكىتى ۋە كىيىم - زىننەتلىرى ئەينى زا-
ماندىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇلغان.
شوخلۇق ئازايتىلغان، نازاكەتلىك - سىلىقلىق ئاساس قى-
لىنغان. بۇ رەسىم ماتېرىياللىرى ياپونىيىلىك گاڭ چىجىڭ
ئەپەندىنىڭ «ئاستانە قەبرىستانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە»
دېگەن ماقالىسىنىڭ 12 - بېتىدىكى قىستۇرما رەسىم قىلىپ
ئېلان قىلىنغان.

5 - رەسىمدىكى ئۇسسۇل شەكلى: قەدىمكى كۇسەن دۆ-
لىتى تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەردىن كۆچۈرۈپ سىزىلغان ناخ-
شا - ئۇسسۇل ئۆرنەكلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا تولغىنىدى-
غان ۋە تولغانمايدىغان ئىككى خىل ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈل-
گەن بىر خىل شەكىل ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ يىل-
دەۋرى مىلادى VI — IX ئەسىر. بۇ رەسىم ماتېرىياللىرى
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ خەن-
زۇچە 1985 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى شۇنى ئىس-
پاتلىدىكى، شىنجاڭدا كەم دېگەندە 4000 يىلدىن بۇيان
ئۇسسۇل ئوينىلىپ كەلمەكتە. ئۇسسۇل شەكلىدىن قارىغاندا،
قەدىمدە تولغىنىدىغان ۋە تولغانمايدىغان ئىككى خىل ئۇس-
سۇل شەكلى مەۋجۇت بولغان. بۇ شەكىللەرنىڭ بىرى مە-
لۇم بىر تارىخىي دەۋردە ئاساس قىلىنغان بولسا، يەنە بىر
دەۋردە باشقا بىر خىل ئۇسسۇل شەكلى ئاساس قىلىنغان.
يەنە بىر يېڭى دەۋر يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئىككى خىل شە-
كىل ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن يەنى تولغىنىدىغان ۋە
تولغانمايدىغان ئىككى خىل ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى
بىر خىل شەكىل مەيدانغا كەلگەن. دېمەك، بۇ ئىككى خىل
شەكىلنىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن، مەلۇم زامانلاردا جەمئى-
يەت مۇتەئەسسىپلىرىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغان. لېكىن ئۇ-
نىڭ ھېچقايسىسى خەلق تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلمىگەن. بەل-
كى ئەمگەك مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەدەنىيەت ۋە پارا-
ۋانلىق ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى تارىخىي

دەۋر يېتىپ كەلگەندە، يەنە زامانغا لايىقلاشقان شەكىل بىلەن مەيدانغا چىققان.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇسسۇل ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلغان سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇشتا مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولىدىغان بەدەن ھەرىكەتلىرىنىڭ مەلۇم بىر خىلىدىن پاي-دىلىنىپ ئىدىيە - ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىن باشلانغان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاددىي، قوپاللىقتىن مۇرەككەپ، نازۇك، قىزىقارلىقلىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان ۋە سەنئەت-نىڭ باشقا شەكىللىرى بولغان ناخشا، مۇزىكا بىلەنمۇ بىر-لەشتۈرۈلگەن. ئەڭ ئاخىرىدا گۈزەللەشتۈرۈلگەن بەدەن ھە-رىكىتى بىلەن ئوبراز يارىتىش، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، رىتىمغا چۈشۈرۈش، بىرىكمە ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئاسا-سىي شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقلىغان يۇقىرى سەۋىيە-لىك سەنئەت شەكلىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىلگەن. ئىنسانلار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بۇ سەنئەت شەكلى ئار-قىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە - ھېسسىياتىنى، ئارزۇ - ئىس-تەكلىرىنى ئىپادىلەپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كۆزلىگەن مەقسەت ۋە ئىرادىلىرىگە ئىلھامبەخش ئېتىپ كەلدى. شۇن-داقلا ئۇنى ئەۋلادلارغا ئەنئەنە سىڭدۈرىدىغان، رەقىبلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان قورال قىلدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىمۇ مۇشۇنداق باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۇ ئارخېئولو-گىيە ماتېرىياللىرىدا كۆرۈلگەن قەدىمكى ئۇسسۇل شەكىللىر-نىڭ مۇۋاپىق ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ھېچقاچان بىر خىل شەكىلنى مەڭگۈ ساقلاپ بىر ئىزدا تۇرۇپ قالمايدۇ. بەلكى مۇتەئەسسىپلىككە ئۆزلۈكسىز قارشى تۇرۇپ. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇسسۇلىدىكى ئىلغار ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ. دۇنيانىڭ يېڭى پەن - تېخنىكىسىغا ماسلىشىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەكلىنى يېڭىلايدۇ، بۇنداق يېڭىلىنىش ئارقىلىق، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلغارلىققا ئىنتىلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ.

1985 - يىل 11 - ئاي، ئۈرۈمچى.

# چېدىر شەكىللىك ئىمارەت ھەققىدە

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇچرايدىغان چېدىر شەكىللىك ئىمارەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئىسلام ئىمارىتى، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. بۇنداق كۆز قاراش ئېھتىمال مەسچىت، مازارلارنى بىنا قىلىشتا بۇنداق ئىمارەت شەكلى قوللىنىلىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ نامى پارس تىلىدىن كىرگەن «گۇمبەز» دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئاتىلىدىغانلىقىغا قاراپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇنداق كۆزقاراش تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا بۇنداق ئىمارەت شەكلى مەۋجۇت ئىدى — ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەردە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆي — ماكانلىرىنى بىنا قىلىشتا ئاللىقاچان بۇنداق ئىمارەت شەكلىنى قوللانغان ۋە ئۇنىڭ نامىنى «چېدىر» دەپ ئاتىغان، ھەتتا قەبرە ياساشتىمۇ بۇنداق ئىمارەت شەكلىدىن پايدىلانغان (بۇنداق قەبرىلەرنىڭ نامى قىسمەن تۈركىي شىۋىلەردە «تۆۋە» يەنى دۆۋە، دەپ ئاتالغان).

توغرىسىنى ئېيتقاندا، چېدىر شەكىللىك ئىمارەت شىنجاڭدا بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بار بولۇپ كەل-

گەن. بۇ شەكىل ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى ئارىيانلار — ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ئەڭ بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن قەدىمكى مىللەتتىن مىراس بولۇپ قالغان ئەنئەنىۋى مىللىي ئىمارەت شەكلىدۇر. بۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

## كەلپىندىن تېپىلغان ساپال كومزەك

1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسىدىن ئۈچ دانە چېدىر شەكىللىك ساپال كومزەك ئېلىپ كېلىنگەنىدى. بۇ كومزەكلەر شۇ ناھىيىنىڭ 1 - ماي خەلق گۈڭشېسى تەۋەسىدىكى قىزىلتاغ ئېغىزىدا سېمونت زاۋۇتى سېلىنغاندا تاغ باغرىدىكى توپا قاتلاملىرىدىن چىققان بولۇپ، ئىچىگە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ جەسەت كۆلى قاچىلانغانىكەن.



بۇ كومزەكلەرنىڭ



سىرتىدىكى گېئومېترىك سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان زىنەت نۇسخىلىرى چوقچىيىپ تۇرغان قاتمۇ قات تاغ - چوققىلارنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىلغان: «76Kp:2» نومۇرلۇق كومزەكتە ⋀⋀⋀⋀ شەكىللىك سىزىق بار. «76Kp:1» نومۇرلۇق كومزەكتە بولسا بۇ خىل سىزىق يەنە بىر قېتىم تەكرارلانغان. «76Kp:3» نومۇرلۇق كومزەكتە بۇنىڭدىن باشقا بىر خىل سىزىق، يەنى ⫽ شەكىللىك سىزىقلارنى ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يەنىلا ⋀⋀⋀ شەكىللىك نۇسخا ھاسىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق قارلىق تاغلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

«76Kp:3» نومۇرلۇق كومزەكنىڭ قاپقىسىدا ∩ شەكىللىك بەلگە بار. «76Kp:2» نومۇرلۇق كومزەكتە بولسا ◿ شەكىللىك بەلگە بار. بۇ بەلگىلەر قەدىمكى ھون - تۈرك قوۋملىرىنىڭ جەمەت بەلگىلىرىگە ئوخشايدۇ. قەدىمدە ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان جەمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان چېدىر شەكىللىرى ياكى ماللىرىغا باسىدىغان تامغا شەكىللىرى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلەتتى.

«76Kp:1» نومۇرلۇق كومزەكنىڭ قاپقىسىغا نېلۇپەر نۇسخىسى سىزىلغان. بۇ خىل نۇسخا ∩ شەكىللىك سىزىقلارنى تەكرارلاش ئارقىلىق ھاسىل بولغان. بۇ خىل زىننەت نۇسخىسى بىزگە مۇشۇ كومزەكلەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ (بۇددىزمدا نىلۇپەر گۈلى پاك بولمىغان لاتقىدىن پاك - پاكىز بولۇپ ئۈنۈپ چىققان — پاكلىقنىڭ سىمۋولى، دەپ قارىلاتتى).

بۇ كومزەكلەر مىلادى VI — VIII ئەسىرلەردە ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى ئىدى①. بۇ دەۋرلەردە ئاقسۇ رايونى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ئەينى زاماندا تۈركلەر «جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلاتتى»②.

جەسەت كۈلى قاچىلانغان كومزەكلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چادار» دەپ ئاتىلىدۇ③ (بۇ سۆزنىڭ خېتىنى «چادىر» ياكى «چېدىر» دەپمۇ ترانسكرىپسىيە قىلىشقا بولىدۇ).

قەدىمكى كۈسەن (كۇچار) رايونىدا مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە قېزىپ، بىنا قىلىنىشقا باشلىغان مىڭئۆيلەرنىڭ ئىمارەت شەكلى چېدىر شەكىللىك ئىمارەت تىپىغا كىرىدۇ. يىل دەۋرى مىلادى III ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان غارلارنىڭ تېمىغا سىزىلغان بۇددىزم رەسىملىرىدىمۇ مۇشۇنداق چېدىر شەكىللىك كومزەكلەرنىڭ رەسىمى بار. قەدىمكى تۈركچە ⇑ ⩚ ⩛ دېگەن ھەرپلەرمۇ دەل مۇشۇنداق ئىمارەت شەكلىگە تەقلىد قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ «ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى كۈسەنىڭ بۇددىزم راھىبلىرى بۇنداق چېدىر

شەكىللىك ئىمارەتلەرنى «چادرا»، «چاتىيا» دەپ ئاتايتتى.

خۇلاسە: چېدىر شەكىللىك ئىمارەت قەدىمكى كۆسەن رايونىدا ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. بىزنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرىمىز — قەدىمكى تۈرك قەۋملىرى دەل مۇشۇنداق ئىمارەت شەكلىنى قوللانغان. ھەتتا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەت كۆلىنىمۇ ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرغان ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان ساپال كومزەكلەرگە قاچىلاپ دەپنە قىلىنغان.

ئارخېئولوگىيىدە بايقىلىشىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ شەكلىمۇ چېدىر شەكىللىك يەر ئاستى ئىمارىتى تىپىغا كىرىدۇ. يەر يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى خارابىلىقىدىمۇ چېدىر شەكىللىك ئىمارەتنىڭ قالدۇق تاملىرى بار. دېمەك، جەسەتنى كۆيدۈرۈشكە ئادەتلەنمىگەن تۈرك قەۋملىرىمۇ قەبرىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى شەكلىگە تەقلىد قىلىپ بىنا قىلغان.

## «چېدىر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

«چېدىر» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كىگىز ياكى باشقا بىرىك توقۇلمىلاردىن تىكىپ تەييارلىنىپ، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان چاتقۇچ خادىلار

بىلەن كېرىپ - قۇراشتۇرۇلىدىغان كۆچمە ئۆيلەرنىڭ نامى. چېدىر كۆپىنچە ∧، ⋔، ∩ شەكىللەردە بولىدۇ. ئۇنى چارۋىچىلار، كارۋانلار، دالادا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچى خادىملار ئىشلىتىدۇ، خالىغان جايدا قۇراشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە يىغىشتۇرۇپ كۆچۈرۈپ كېتىدۇ.

«چېدىر» دېگەن سۆز، ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ئورتاق. پەقەت بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدا ئاز - تولا پەرق بار. مەسىلەن، قازاق تىلىدا «چادىر» دېيىلىدۇ. قىرغىز تىلىدا «چاتىر» دېيىلىدۇ...

«چېدىر» دېگەن سۆز چاغاتاي تىلى (مىلادى XIII — XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىلى) دا يېزىلغان قول يازمىلاردا «چدر» دەپ يېزىلىدۇ (بۇنى چادىر ياكى چېدىر، دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىش مۇمكىن).

«چېدىر» دېگەن سۆز مىلادى XI ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «چاتىر» دەپ يېزىلغان. ئۇلۇغ تىلشۇناسىمىز مەھمۇت قەشقەرى بۇ سۆزگە بەرگەن يەشمىسىدە ئۇنىڭ «چاچىر» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى، ئوغۇزلار بولسا «چاشىر» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن④.

«چېدىر» دېگەن سۆز مىلادى VIII — X ئەسىرلەر-دىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئەسەرلىرىدە «چادار» دەپ يېزىلغان⑤. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «كومزەككە

قاچىلانغان جەسەت كۆلى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن.

«چېدىر» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن زامانداش ئۆتكەن سوغدى يېزىقىدا «چادار» دەپ يېزىلىپ «ئاخىرەتلىك پاناھ، ئاتا ماكان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن⑥.

«چېدىر» دېگەن سۆز سانسكرىتچە ئەسەرلەردە «چادرا» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «پاناھ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. خان - پادىشاھلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان سايىۋەن ياكى كۆنلۈكنىڭ نامىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان (ھازىرغا قەدەر تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان توخرىچە، ساكچە، كاروشتىچە ئەسەرلەردە بۇ سۆز تېخى ئۇچرىمىدى).

يۇقىرىدىكى تىل ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، يىل دەۋرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققاندا، مۇنداق بىر خىل ئېتىمولوگىيە فورمىسى ھاسىل بولىدۇ:

چېدىر (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى) < چادىر (چاغاتاي تىلى) < چادار (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى) < چادرا (قەدىمكى ئارىيان تىلى).

خۇلاسە: «چېدىر» دېگەن سۆز مىلادىدىن ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئارىيانلارنىڭ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىل)، قاراخانىلار تىلى، چاغاتاي تىلى قاتارلىق تارىخىي تىل دەۋرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان (قەدىمكى يەنە بىر خىل ئىمارەت شەكلى — تەكشى ئۆگزىلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئارىيان تىلىدا «ساتما» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا).

## ئانتروپولوگىيە⑦ مەلۇماتلىرى

يۇقىرىدا چېدىر شەكىللىك ئىمارەتنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئىمارەت شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئارخېئولوگىيە ئىسپاتلىرى كۆرسىتىلدى. «چېدىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ تىلىدىن مىراس قالغانلىقىنىمۇ تارىخىي تىل پاكىتلىرى كۆرسىتىلدى. ئەمدى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تەركىبىنىڭمۇ يەنە ئارىيانلارغا تاقىلىدىغان ياكى تاقالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە شەرقىدىكى رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ باش سۆڭىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيە تەھلىللىرىگە ئاساسلانغاندا:⑧

(1) باش شەكلى كىچىك؛ تېرىسى ئاق؛ بويى ئوتتۇراھالدىن كەمرەك؛ بۇرنى تار، ئېگىز؛ يۈز شەكلى سوزۇق يۇمىلاق؛ چېچى قوڭۇر؛ كۆز قارىچۇقىنىڭ رەڭگى ئوتتۇراھال قوڭۇر كەلگەنلەر ياۋروپا ئىرقىنىڭ ھون ـ ئالپىنوسلار تىپى. كروران. نىيە، چەرچەن، مىرەن چۆللىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ ئىرق خۇسۇسىيەتلىرى بۇ تىپقا مەنسۇپ. بۇلاردا ياۋروپا ئىرقىي بىلەن موڭغۇل ئىرقىي

(ئاق تەنلىكلەر بىلەن سېرىق تەنلىكلەر) نىڭ ئارىلاشمىلىق ئالامىتى (بۇ بىر خىل نوقۇل ئارىلاشما ئەمەس، بەلكى تەبىئىي تەرەققىيات شەكلى) ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىنىدىغان ئارىيانلار، دەپ ئاتىلىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان 6000 يىللىق مومىيادا ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى لوپنور تۈركلىرى دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالماقتا.

يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى بارچۇق ئۇيغۇرلىرىدا ۋە خوتەن قاتارلىق تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردا ياشاۋاتقان ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا بۇ تىپنىڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك.

ئىلى ۋادىسىدا ئۆتكەن ساك، ئۇيسۇنلارنىڭ ئىرق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. لېكىن ئاتاش جەھەتتە ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر - پەرغانە تىپى، دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) تېرىسى ئاق، لېكىن ئازراق قوڭۇرغا مايىل؛ باش شەكلى كىچىك؛ بويى ئوتتۇراھالدىن كەمرەك؛ بۇرنى ئېگىز، لېكىن سەل - پەل ياپىلاق، يۈزىنىڭ ياڭاق سۆڭىكى كەڭ؛ چېچىنىڭ رەڭگى قېنىق، لېكىن سەل - پەل شالاڭ؛ كۆز قارىچۇقى سۇس قوڭۇر كېلىدىغانلار ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۈرك تىپى. يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دولانلار، ئاقسۇ، كەلپىنلەردىكى ئۇيغۇرلاردا بۇ تىپنىڭ ئالامەتلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. قۇمۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق يۇرتلاردىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇ تىپنىڭ ئالامەتلىرى بار.

قەدىمكى تۇرپان قەبرىلىرىدىكى جەسەتلەر موڭغۇل ئىرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان (بۇنداق ئالامەت قەدىمكى گەنسۇ (كەڭسۇ) ئۇيغۇرلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك) ياۋروپا ئىرقىگە كىرىدۇ. بۇلار ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئارىلاشقان هون تىپى، دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) تېرىسى قوڭۇر؛ باش شەكلى ئوتتۇرا هال، سەل-سەل سوزۇق؛ بويى سەل - پەل ئېگىز؛ بۇرنى ئىنچىكە، لېكىن قارىچۇقىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان؛ يۈزشەكلى سوزۇق؛ چېچى قارا، سەل - پەل دولقۇنسىمان؛ كۆز قارىچۇقى سۇس قوڭۇر بېلىدىغانلار ياۋروپا ئىرقىنىڭ هىندى - ئافغان تىپى. خوتەننىڭ سامپۇلا قەبرىستانلىقىدىن چىققان مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ جەسەتلەرنىڭ ئىرق خۇسۇسىيەتلىرىدە بۇ تىپنىڭ ئالامەتلىرى گەۋدىلىك.

خۇلاسە: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرق تەركىبىدە قەدىمدە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيانلارنىڭ ئىرق ئامىللىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ.

## يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ «چېدىر مەھكىمىسى»

هازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى «بېيخەي باغچىسى» نى لايىھىلەش - بىنا قىلدۇرۇشتىن باشلانغان. مىلادى IX ئەسىردە لياۋ سۇلالىسى (قىتانلار) دەسلەپ قىلىپ

بۇ يەردە بىرنەچچە قەسىر بىنا قىلدۇرغان، ئۇنىڭدىن كې-
يىن بۇ قەسىرلەرنى جىن 金 سۇلالىسى (جۇرجىتلار) داۋاملىق
تەرەققىي قىلدۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى يېتىپ كەل-
گەندە، بۇ قەسىرلەرنىڭ ئىچىدىكى «چىنخۇاداۋ» ئارىلى
ئۇدا ئۈچ قېتىم كېڭەيتىپ ياسالغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا
«تايدۇ» (ئەينى زاماندىكى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نامى، مەنى-
سى ئۇلۇغ پايتەخت) شەھىرى پەيدا بولغان⑨.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «چىنخۇاداۋ» ئارىلى قۇرۇ-
لۇشىنىڭ كىم تەرىپىدىن ۋە قاچان لايىھىلىنىپ ۋۇجۇدقا
چىقىرىلغانلىقى تۆۋەندىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم:

«ئەختەرىدىن غەربىي دىيارلىق كىشى ئىدى. قۇبلاي-
خان سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن (قۇبلاي-
خاننىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشى مىلادى 1264 -
يىلى غەلىبە قىلغان — ئاپتوردىن) ئۇنىڭ يۇرتىغا بارغاندا،
ئۇ قۇبلايخانغا پايانداز سېلىپ ئالدىغا چىققان، ئالتۇن-
كۈمۈش، ئارغىماق تەقدىم قىلغان. خان ئۇنى ياقتۇرۇپ
قالغان، چادىر مەھكىمىسى (茶特儿局) گە باشلىق قىل-
غان.» «چادىر» دېگەن سۆزنى تەرجىمە قىلغاندا «چېدىر»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»⑩.

ئەختەرىدىن ماھمۇد شاھنىڭ ئاتىسى بولۇپ، قۇبلاي-
خان پايتەختنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇنى چادىر مەھكى-
مىسىگە باشلىق قىلىپ، يۇچۈەن تاغلىرىدىن ئېقىپ كېلىد-
غان سۇدىن بىنا بولغان كۆل (ھازىرقى بېيخەي كۆلى)
ئىچىدىكى چىنخۇاداۋ ئارىلى (ھازىرقى جۇڭنەنخەي) نى
كېڭەيتىپ بىنا قىلغۇزغان. بۇ قۇرۇلۇشنى ئەختەرىدىن لايىھە-

لەپ مىلادى 1267 - يىلى پۈتتۈرگەن (ئەختەرىدىن ئۇيغۇر ئىدى). شۇنىڭدىن كېيىن چادىر مەھكىمىسىنى ئەختەرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدارە قىلىدىغان بولغان⑪.

چىنخۇاداۋ ئارىلى قۇرۇلۇشى خەنزۇچە ئىمارەت شەكلىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ لايىھىلەنگەن چوڭ قۇرۇلۇش ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي شىمالدىكى مەلۇم بىر ئەلدىن ئەلچى كېلىپ «بۇ قۇرۇلۇش خەنزۇ ئىمارىتى بولۇپ قاپتۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق لايىھىلەندى؟...» — دەپ سوئال قويغاندا، ئەختەرىدىن ئۇنىڭغا: «موڭغۇللار شىمالدا ياشىغان، چېدىرلاردا ئولتۇرىدىغان مىللەت، ئۇلار بۇ ئەلنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئەلەم كۈچى بىلەن بويسۇندۇردى، لېكىن يەنىلا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئىدارە قىلالمايدۇ، مەدەنىيىتى قەدىمكى بولغان ئەلنى باشقۇرۇشتا ئەسلىدىكى شەكلىدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. موڭغۇل ئۆيلىرى ئاددىي، ئەمدى بۇ ئەلگە خان بولغان مىللەتكە ياراشمايدۇ،» — دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ مەسىلىنى ئەختەرىدىن ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەن، شۇڭلاشقا ئۇ خان ئۈچۈن جۇڭگوچە شەكىلدە قەسىر لايىھەلىدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن⑫.

يۇقىرىدىكى تارىخىي خاتىرە ۋە مەخسۇس مۇلاھىزىلەردىن مەلۇمكى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئەينى زاماندىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن «چادىر» دەپ ئاتالغان.

موڭغۇل تىلىدا «چېدىر» دېگەن سۆز «بەرەگىر» دەپ ئاتىلىدۇ (بۇ سۆز چاغاتاي تىلىدا «بارىگاھ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان). بۇ موڭغۇل چېدىرلىرىنىڭ نامى ئىدى. موڭغۇلچىدە يەنە «شاتىرگىر» دەيدىغان سۆزمۇ بار. ئۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق راۋاقلىق ئىمارەت، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

خۇلاسە: ئۇيغۇرچە «چېدىر» دېگەن سۆز يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇل تىلىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خەنزۇ تىلىغىمۇ قوبۇل قىلىنغان.

ئىزاھلار:

① مەن 1977 - يىلى بېيجىڭغا بارغاندا، بۇ كومزەكلەرنىڭ نىسپىي يىل - دەۋرىنى بېكىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا مەشھۇر ئارخېئولوگ يەن ۋېنرۇ ئەپەندى بىلەن كۆز قاراش ئالماشتۇرغان.

② «جۇنامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «سۇينامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تۈركلەر توغرىسىدىكى بابلىرىغا قاراڭ.

③ ⑤ ئا. فون. گاباينىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلى گراماتىكىسى» 1974 - يىلى ۋىسبادېن باسمىسى (نېمىسچە) نىڭ 333 - بېتىدە «چادار» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «كۆل» دەپ تەبىر بېرىلگەن ۋە بۇ تەبىرنىڭ كەينىگە «؟» بەلگىسى قويۇلغان. شۇنداقلا « ?> » بەلگە ئارقىلىق بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (تىل مەنبەسى) تېخى ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتكەن.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 528 - بەتكە قاراڭ.

⑥ مىسسىيون پېللىيوتنىڭ «سوغدى تېكىستلىرى»، پارىژ، 1940 - يىلى نەشرى، 250 - بەتكە قاراڭ.

⑦ ئىنسانلارنىڭ ئىرق تەركىبىنى ئېنىقلايدىغان **پەن**.

⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل 6 - سان (خەنزۇچە) 61 - بەتتىكى خەن كاڭشىڭ ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرق تەۋەلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانتروپولوگىيىلىك مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

⑨ «بېيجىڭ ساباھەت قوللانمىسى» (خەنزۇچە) نىڭ 50 — 54 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑩ «يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 151 - جىلد (خەنزۇچە) نىغا قاراڭ.

⑪ جېن يۈەن ئەپەندىنىڭ «لىيۈن قىرائەتخانىسىدىكى كىتابلار ھەققىدە (励耘书屋丛刻)» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇلاھىزىلەرگە قاراڭ. خىزىرجۇ ئەپەندى يازغان «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تارىخىي ھېكايىلىرى» دېگەن كىتابتا ئەختەرىدىن ئەرەب ئىدى، دېيىلگەن، بۇ كۆز قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، قۇبلايخان ئىلى ۋادىسىغىچە كەلگەن، ئەرەبىستانغا بارمىغان.

⑫ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. گاۋ جىياۋ تەزكىرىسى» گە قاراڭ.

**我们使用过的文字**
（维吾尔文）
库尔班·外力著
责任编辑：库尔班·巴拉提

新疆青少年出版社出版 （乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 印张
1986年6月第1版 1986第9月第2次印刷
印数：15,501 ——20,500

统一书号：M11124.21 **定价：** 0.68 元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى شادىيە ھاشىم

نومۇرى: M11124·21

باھاسى: 0·68 يۈەن